# ئىزدىنىش

(تاللانما)

3

2000

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

2000-يىل 3-سان

(ئومۇمىي 141-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 2000-يىللىق 1-، 2-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**


## مۇندەرىجە


نەزەرىيە ئۆگىنىش سەۋىيەمىزنى ئىرىشىپ ئۆستۈرەيلى ...................... دەي جۇ(2)

دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات نەزەرىيىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى، بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى

—پارتىيە 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئىدىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

ج ك پ شەندۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى ........................................ (16)

دېڭ شياۋپىڭنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كېرەك ................................ جۇ جۈنفېڭ، يۈەن شياۋيۈن(28)

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدا ........................ چېن دۇڭشېڭ(39)


**★3-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# نەزەرىيە ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرەيلى

دەي جۇ

نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئەزەلدىن سەۋىيە مەسىلىسى بار، سەۋىيىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ئىنتايىن مۇھىم. پارتىيىمىزنىڭ 70 نەچچە يىللىق تارىخىدا، ھەر قېتىملىق زور ئىلگىرىلەش ۋە غەلىبىنىڭ قولغا كېلىشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە، پارتىيىمىز يەنە يېڭى بىر تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش تولىمۇ مۇھىم ۋە جىددىي بولۇۋاتىدۇ. پۈتۈن پارتىيىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان، ئۆگىنىش كەيپىياتى تازا ئەۋج ئېلىۋاتقان پەيتتە، "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئۆگىنىش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئۆگىنىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشنى يېڭى بىر سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بۇنىڭغا قارىتا، بىز چوقۇم چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

## نەزەرىيە ئۆگىنىش سەۋىيىسى مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم

پارتىيىمىز ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئۆگىنىشكە ماھىر پارتىيە. ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش ھەم باغلىنىشلىق، ھەم پەرقلىقتۇر، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش دېگەندە نۇقتىلىق ھالدا ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى مەسىلىسى، ئۆگىنىش-ئۆگەنمەسلىك مەسىلىسى تەكىتلىنىدۇ، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش دېگەندە نۇقتىلىق ھالدا ئۇسۇل مەسىلىسى، قانداق ئۆگىنىش مەسىلىسى تەكىتلىنىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆگىنىش سەۋىيىسى مەسىلىسى تەكىتلىنىدۇ. ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش—ئۆگىنىش كەيپىياتىنى تازا ئەۋج ئالدۇرۇش ئاساسىدا، ئۆگىنىش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلە، ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلىغا قويۇلغان تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق تەلەپ. ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۆگىنىش

مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئاساسىي يولى، ئۆگىنىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئاساسىي ۋاستە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپاسىنى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش تەجرىبىسىگە نەزەر سالغاندا، مۇنداق ئىككى تەرەپتىكى مەزمۇن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. بىرىنچى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش؛ ئىككىنچى، مۇشۇ ئاساستا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۈزلۈكسىز تەكىتلەش. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلىغانلىكى ئۆگىنىش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرگەنلىكى ئۆگىنىش، ئىشلىرىمىزنىڭ زور تەرەققىياتى، زور ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۆگىنىش ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى دەل ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئۆگىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۆگىنىش ھەرىكىتىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا، يولداش ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن پارتىيىدىن ماركسىزم-لېنىنىزمنى ”چالا-بۇلا ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق، قۇپقۇرۇق ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي“ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغانىدى. («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 2-نەشرى، 2-توم، 1062-بەتكە قارالسۇن) بۇ يەردە، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنىلا تەكىتلەپ قالماي، بەلكى قانداق ئۆگىنىش ئۈستىدە ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىشتە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى مىسلىسىز ئۆرلەپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش سەۋىيىسى ھەقىقىي تۈردە يېڭى بىر يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، پارتىيىمىز ئىدىيىۋى، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتتە تېز سۈرئەتتە پىشىپ يېتىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە غەلىبىدىن غەلىبىگە باشلاپ ماڭدى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن پارتىيىدىن، ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلاردىن ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق، چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە پىششىق ئىگىلەشنى، شۇنىڭ بىلەن خىزمەت جەريانىدا پرىنسىپاللىقنى، سىستېمىچانلىقنى، ئالدىن كۆرەرلىكنى ۋە ئىجادچانلىقنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۆگىنىش جەريانىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“نى، دوگمىچىلىق، كىتابۋازلىق، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىشنى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنياقاراش، مېتودولوگىيە بىلەن مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدە يامراپ كەتكەن دوگمىچىلىق، سۇبيېكتىپچىلىق، مېتافىزىكا ۋە ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ تەسىرىنى توسۇپ قېلىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش كەيپىياتىنى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. دەل مۇشۇ ئاساستا، پارتىيىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە تۇرغۇزدى، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ

يېڭى دەۋرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي سەكرەشنى شەكىللەندۈردى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پارتىيىمىزنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىمۇ ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. يولداش جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرگە "ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش كېرەك" دەپ چاقىرىق قىلدى، ھەمدە ئۆگىنىشنىلا كۈچەيتىپ قالماي، بەلكى ئۆگىنىشنى ياخشىلاپ، ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىيۇزلۇكلۇكىنى، سىستېمىچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىش ئىستىلىنى يەنىمۇ توغرىلاپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشنى تىرىشىپ يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى قايتا-قايتا ئوتتۇرىغا قويدى.

پارتىيىنىڭ 3 ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن پارتىيىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشكە، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە چاقىرىشى ناھايىتى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، بىزنىڭ چوڭقۇر چۈشىنىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى يېڭى، مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا، بىز ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن ئۆگىنىش مەقسىتىگە ھەقىقىي يېتەلەيمىز، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرەلەيمىز؛ ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئۈنۈمىيۇزلۇك ئالغا سىلجىتالايمىز؛ ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈنۈمىيۇزلۇك ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئەسىر ھالقىيدىغان ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز؛ ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئۈمۈمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى توغرا ئىگىلەپ، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنى بايقاش ۋە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز؛ ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن نەزەرىيە ئۆگىنىش دولقۇنىنى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆگىنىش پوزىتسىيىمىزنى ھەقىقىي توغرىلاپ، ئۆگىنىش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايمىز. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن ئۆزىمىزنىڭ سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، نىشاننى ئېنىق پەرق ئېتىپ، ئۈمۈمىيەتنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، خىزمەتنى ياخشىلاپ، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ زور قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مانا مۇشۇنداق مۇھىم، ئەمما ئۇزاقتىن بۇيان يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تەسىر يەتكۈزۈپ كەلمەكتە. بۇمۇ نۆۋەتتە بىزنىڭ ئۆگىنىش سەۋىيىسى مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ بىر مۇھىم سەۋەبىدۇر. بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىشىمىز لازىمكى، ئوخشىمىغان

تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا، پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسىنى قايتا-قايتا تەكىتلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس، بۇ بىر تەرەپتىن پارتىيىمىزنىڭ ئۆگىنىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىدە ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى گەۋدىلىك سەۋەب. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى، دوگمىچىلىق ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنىڭ ئۆسۈشىگە توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا.** پارتىيىمىز تارىخىدا، مۇنداق ئەھۋال دائىم كۆرۈلۈپ تۇرغان: بىر قىسىم كىشىلەر ئاغزىدا ئۆگەنمەيمەن دېمەيدۇ، ھەتتاكى كۆپ كىتاب ئوقۇيدۇ، ”سۆزەك يادلىۋالىدۇ“، ئەمما ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، دوگمىچىلىق يولىنى تۇتىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ خىل ھادىسىنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئابستراكت رەۋىشتە مەقسەتسىز تەتقىق قىلغانلىق دېگەن. بۇنداق پوزىتسىيىدىكىلەر جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى ۋە تاكتىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلاردىن مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئىزدىمەي، پەقەت نەزەرىيە ئۆگىنىش ئۈچۈنلا نەزەرىيە ئۆگىنىدۇ، ئوقنى نىشانلىق ئاتماي، نىشانسىز ئاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە سەپسەتىلەر يامراپ كېتىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدۇ. 1941-يىلى 5-ئايدا يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئۆگىنىشىمىزنى ئۆزگەرتەيلى» دېگەن ماقالىسىنىڭ بېشىدىلا ئوچۇق قىلىپ پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ۋە ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئۆگىنىش ئۇسۇلى ۋە ئۆگىنىش تۈزۈمى ئەڭ ئاساسلىقى ئۆگىنىش سەۋىيىسى مەسىلىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. ئەمما، پارتىيە ئىچىدىكى سۇبيېكتىپچىلىق، دوگمىچىلىق يوقالغىنى يوق، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ مەزگىلىدە، ئۆگىنىش كېرەك، ”بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك“ دەپ تەكىتلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىل ئۆگىنىش دوگمىچىلىق ئۇسۇلىدىكى ئۆگىنىشتۇر، ئۇ خىل ”ئېگىز كۆتۈرۈش“، يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ”شەكلەن ئېگىز كۆتۈرۈش“، ”يالغان ئېگىز كۆتۈرۈش“تۇر. («دېڭ شىياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 275-بەتكە قارالسۇن) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش جەريانىدا، نېمە يېزىلغان بولسا شۇنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ھادىسىلەر يەنىلا كۆرۈلۈۋاتىدۇ، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى مۇكەممەل، سىستېمىلىق ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى دەپ ئۆگەنمەستىن، بەلكى يەككە-يېگانىلىق ۋە قاتماللىق بىلەن، بىر تەرەپلىمە ھالدا بەزى سۆز-ئىبارىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ يۈرۈشىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۆگىنىش ئۈنۈمىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە توسالغۇ بولۇپ قالدى.

**ئىككىنچى، شەكىلۋازلىق ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا.** يولداش جياڭ زېمىن «دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»دە، بىر قىسىم كادىرلار جۈملىدىن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلاردا نەزەرىيە ئۆگىنىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆگىنىشتىكى شەكىلۋازلىق

ھادىسىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزىنى ياساپ كۆرسىتىدۇ، يۈزەكى ئىش تۇتىدۇ، شەكىلۋازلىق قىلىدۇ، ھەتتاكى سۆزى بىلەن ھەركىتى بىردەك بولمايدۇ. دېگىنى بىر خىل، قىلغىنى يەنە بىر خىل بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆگىنىشنى ئۆزىنى پەدازلاپ باشلىققا ياخشى كۆرۈنۈشنىڭ ۋاستىسى دەپ بىلىپ، قارىماققا ئۆگەنگەندەك قىلغان، ھەتتا ئۆگىنىش كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى، ئۆگىنىشكە قاتتىق بېرىلگەن، ئەمەلىيەتتە ئىدىيىدىن خىزمەتكىچە ھېچقانداق مەسىلە ھەل قىلىنمىغان، ئۆگىنىش شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى، يۈزەكى ئۆگىنىپ قويۇپلا بولدى قىلدى. مۇشۇنداق ھادىسىلەر گەرچە بىر قىسىم كىشىلەردە يۈز بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ، پارتىيە ئىشلىرىغىمۇ، دۆلەت ئىشلىرىغىمۇ پايدىسىز بولۇۋاتىدۇ، زىيىنى تولىمۇ ئېغىر.

**ئۈچىنچى، تەجرىبىچىلىك ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا.** تەجرىبىچىلىكنىڭ رېئاللىقتىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولىغا سەل قاراش، نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىگە سەل قاراش، نەزەرىيە ئۆگىنىشكە قارىتا ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشتەك پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇش، ھەتتا ئۆگىنىشنى يوق دەپ قاراش، ئۆگىنىشنى خىزمەتتىكى پۈتلىكاشاڭ دەپ ھېسابلاشتىن ئىبارەت. بەزى كىشىلەردە نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئىشتىياق ۋە قىزغىنلىق كەمچىل بولۇپ، ئۆگەنسىمۇ-ئۆگەنمىسىمۇ كارايىتى چاغلىق دەپ قارايدۇ، ئۆگىنىشكە ۋاقىت يوقلۇقىنى تەكىتلەيدۇ، كۆپ بويى زۆرۈر بولمىغان مېھماندارچىلىق بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ؛ بەزى كىشىلەر جاپاغا چىداپ، قېتىرقىنىپ ئۆگەنمەيدۇ، ئۆگىنىپ قويۇپلا بولدى قىلىدۇ، يۈزەكى بىلىم بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلىمەيدۇ؛ بەزى كىشىلەر ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغانلىرىنى ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىپ نەقىل كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ۋەھاكازالار. مۇشۇنداق مەسىلىلەر مەۋجۇت بولغانلىقتىن، بەزى يولداشلار گەرچە سۈبىيېكتىپ جەھەتتە خىزمەتكە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلسىمۇ، خىزمەتنى قولى-قولىغا تەگمەي ئىشلىسىمۇ، ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ.

يۇقىرىقى ھادىسىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنداق يۈزەكى ئاتالمىش ئۆگىنىش پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشكە قويغان ئەمەلىي تەلىپىدىن بەك يىراق. بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، ئۆگىنىش دېگەن قۇرۇق گەپ بولۇپ قېلىپ، باشقىلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماي، پارتىيىنى، دۆلەتنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ شۇنى ئېسىمىزگە سالىدۇكى، ئۆگىنىش مەسىلىسىدە قولغا كەلگەن نەتىجە بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىق، ئۆگىنىش كەيپىياتىنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىدىن قانائەتلىنىپ قالماسلىق، بولۇپمۇ يۈزەكى ھادىسىلەردىن قانائەتلىنىپ قالماسلىق لازىم، ئەكسىچە، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى كۆرۈش، ئۆگىنىشنىڭ مەقسىتىگە يەتكەن-يەتمىگەنلىكىگە، مەركەزنىڭ تەلىپىنىڭ ئەمەلىيلەشكەن-ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىگە، راست ئۆگەنگەن ياكى يالغان ئۆگەنگەنلىكىگە، ئاغزىدا ئۆگەنگەن ياكى ھەرىكەتتە ئۆگەنگەنلىكىگە، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەن ياكى يادلىۋېلىش

بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقىغا قاراش لازىم. قىسقىسى، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ھەقىقىي ئۆسكەن-ئۆسمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك.

## ئۆگىنىش سەۋىيىسى ئۆسكەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئىپادىسى

ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەشتە كونكرېت ئۆلچەم بولۇشى لازىم. ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە، ئۆگىنىشنىڭ مەزمۇنى ۋە مەقسىتى شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت، ۋەزىپە ۋە كۆرەش نىشانىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىمۇ دەۋرنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى لازىم. پارتىيىمىزنىڭ "ئۆگىنىشنى تەكىتلەش" تەجرىبىسىگە ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى، مېنىڭچە، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپانىڭ ئۆسكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.** ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپا رەھبەرلەرنىڭ ساپاسىنىڭ جېنى، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپاسىنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ھالبۇكى، ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپانىڭ ئۆسۈشى ھەرگىزمۇ جىق نەرسىلەرنى ئۆلۈك يادلىۋالغانلىقىدا ئىپادىلەنمەي، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى توغرا ئىگىلىگەنلىكىدە، ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئاشۇنداق كىتاب يادلىۋېلىشنىلا بىلىدىغانلارنى "نەزەرىيىچى" دەپ قاراشقا ئېنىق قارشى تۇرغان، ھەم، بىزگە لازىملىق نەزەرىيىچىلەر ماركسىزم-لېنىنىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىغا ئاساسەن، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم، مانا بۇلا بىر ئادەم، بىر كادىر، بىر ھەقىقىي نەزەرىيىچىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپانى ھەقىقىي ھازىرلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. دېمەك، بىز نەزەرىيە ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆلچەشنى ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپاسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، بولۇپمۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىگىلىگەن-ئىگىلىمىگەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. ماركسىزم نەزەرىيىسىگە قارىتا، ئۇنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى تىرىشىپ ئىگەللەش ياكى ئۇنىڭ پارچە سۆز-ئىبارىلىرى، ئايرىم خۇلاسىلىرى ئۈستىدە خەت ئويۇنى قىلىش ئەزەلدىنلا ماركسىزم بىلەن دوگمىچىلىق، سۇبيېكتىپچىلىقنى پەرق ئېتىدىغان پرىنسىپلىق چەك، شۇنداقلا نەزەرىيە ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم. نۆۋەتتە، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دېگەن مۇشۇ ئىلمىي سىستېمىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ھەم ئۇنىڭ

دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى ئىگەللەشكە كۈچ سەرپ قىلغانلىقىدا، ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئىگەللەشكە كۈچ سەرپ قىلغانلىقىدا، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى ئىگەللەشكە كۈچ سەرپ قىلغانلىقىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1977-يىلى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "شۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىت، مەلۇم بىر شارائىتتا مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە قىلغان سۆزى توغرا، باشقا بىر ۋاقىت، باشقا بىر شارائىتتا، خۇددى شۇ مەسىلە ئۈستىدە قىلغان سۆزىمۇ توغرا بولغان بولسا، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت، ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا يەنە شۇ مەسىلە ئۈستىدە قىلغان سۆزى ۋەزىن، مۇھىم نۇقتا جەھەتتە ئوخشىمايدۇ، ھەتتا قويۇلۇش جەھەتتىمۇ ئوخشىماي قالىدۇ. شۇڭا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئايرىم سۆز-ئىبارىلەر بويىچىلا چۈشەنمەي، ئۆزىگە خاس مۇكەممەل سىستېمىسى بويىچە توغرا چۈشىنىشىمىز لازىم." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 89-بەت) مۇشۇنداق دىئالېكتىك پوزىتسىيە ۋە ئىلمىي ئۇسۇلنى قوللىنىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىمىزلا ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپايىمىزنىڭ كۈچەيگەنلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنىڭ تىكلەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.** ماركسىزملىق نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ئىدىيىگە تاقالماي، يۈزەكى ئۆگىنىش بىلەنلا توختاپ قالسا، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى نەدە ئىپادىلىنەتتى؟ رېئاللىقتا بەزى كىشىلەردىن مەسىلە چىققانلىقى ئۇنىڭ توغرا قائىدىنى بىلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەزىلەر ھەتتا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ، بىراق بۇ قائىدىلەرنى ئۆزىنى زىننەتلەشكە ياكى باشقىلارغا تەربىيە بېرىشكىلا ئىشلىتىدۇ، ئۆزى بولسا توغرا قائىدىنىڭ سىرتىدا يۈرىدۇ، ئۆزى بىلگەن قائىدە بىلەن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆگىنىشنى توغرا بولغان "ئۈچ قاراش"نى تىكلەش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش لازىم، ئىلمىي نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ "ئۈچ قاراش" جەھەتتىكى مەۋجۇت مەسىلىلىرىنى تىرىشىپ ھەل قىلىش لازىم. ھالبۇكى "ئۈچ قاراش" جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، ئېغىزدىكى گەپكىلا قاراشقا بولمايدۇ، مۇھىمى ھەرىكىتىدە قانداق قىلغانلىقىغا قاراش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش جياڭ زېمىن بەش تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، ئۇلۇغۋار كوممۇنىستىك غايە بولۇش، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش؛ ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن ئاساسىي مەقسىتىنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، بولۇپمۇ ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش؛ ئۈچىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە ماھىر بولۇش، ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىك پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىغا

ئىگە بولۇش؛ تۆتىنچى، ئىنتىزام ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىشتا نەمۇنە كۆرسىتىش، دىيانەتلىك-پاك بولۇش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاڭلىق هالدا چىرىتىشنى توسۇپ ئايىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پاسسىپلىق-چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش؛ بەشىنچى، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، تىرىشچان بولۇش-كەسىپكە ئىشتىياق باغلاش، بىلىم جۇغلانمىسى ۋە تەجرىبە جۇغلانمىسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كەسپىي بىلىم ۋە قابىلىيەتنى ئىگىلەش. يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ بەش تۈرلۈك تەلەپ ”ئۈچ قاراش“ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى كونكرېت تەلەپ، شۇنداقلا ئۆگىنىش سەۋىيىسى ئۆسكەنلىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى سىياسىي ئاڭ، ئومۇمىيلىق ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.** بۇ ئۈچ خىل ئاڭنى كۈچەيتىشنى پارتىيىمىز يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىگە ئاساسەن ھەممە كادىرلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان رېئال مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتىكى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى پارتىيىنىڭ كۆزلىگەن ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئۈچ خىل ئاڭنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى سىناپ كۆرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىش دېگەنلىك ماركسىزملىق سىياسىي كۆزقاراشنى مۇستەھكەم تىكلەش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش، چوڭ ھەق-ناھەق ئالدىدا بىرقەدەر كۈچلۈك سىياسىي سەزگۈرلۈككە ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر. ئومۇمىيلىق ئېڭىنى كۈچەيتىش دېگەنلىك ئومۇمىيلىقنى تونۇپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇپ ۋە ئومۇمىيلىققا خىزمەت قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات دەيدىغان ئىدىيىنى تىكلەپ، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ، ھازىر بىلەن كەلگۈسىنىڭ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش دېگەنلىكتۇر. يولداش جياڭ زېمىن ئومۇمىيلىق ئېڭى ئۈستىدە توختالغاندا كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلاردىن ھەر ۋاقىت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئويلاپ، ھەممە يەردە ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قوغداشنى، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداشنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، ئەمر-پەرمانلارنىڭ توسالغۇسىز يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىش دېگەنلىك خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، خىزمەت ئورنى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەيلى قانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، قانداق ئورۇندا تۇرمىسۇن، ”پۈتۈن كۈچى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى ئاتىماي، ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگە قەدەر بەجانىدىل ئىشلەش“، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، خىزمەت ئورنى ۋە كەسپىنى سۆيۈش، خالىس تۆھپە قوشۇش روھىغا ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، بىز

”ئۆچنى تەكشلەش“ تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئۈچ خىل ئالغىنى كۆچەيتىش جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى دىئالېكتىك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاشقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.** ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا—پرولېتارىياتنىڭ دۇنياقارىشى ۋە مېتودولوگىيە-سى، ماركسىزمنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. مەملىكىتىمىزنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئې-چىۋېتىش جەريانى ۋە تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، پارتىيىلىك كادىرلار ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا دىئالېكتىكىنى ئىگەللەپ، دىئالېكتىك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغاندا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە تۈرلۈك ئىسلاھات لايىھەلىرىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق، توغرا ئىگەللەپ، بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. شۇڭا، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دىئالېكتىك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاشقانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىشى لازىم. دېمەك، باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىغا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە، تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرگەنلىكىدە كونكرېت ئىپادىلىنىشى لازىم. مەسىلەن، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى دىئالېكتىكىلىق ھالدا تونۇش، ھەم ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىدە، ھەم يۈرەكلىك ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش، ھەم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىق-تىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرتىپ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋې-تىش داۋامىدا، ھەم چەت ئەلنىڭ مەبلەغ، ئىلغار تېخنىكا ۋە بارلىق ئىلغار نەرسىلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش، ھەم دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا دىققەت قىلىپ، تۈرلۈك چىرىك ئىدىيە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توسۇش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققى-ياتىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسىدە، ھەم ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ھەم كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم، بۇنىڭدا ئالدىنقىسىنىلا تەكىتلەپ، كېيىنكىسىنى تەكىتلىمەسلىككىمۇ، كې-يىنكىسىنىلا تەكىتلەپ، ئالدىنقىسىنى تەكىتلىمەسلىككىمۇ بولمايدۇ. ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىتىش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش لازىم، ۋەھاكازالار. ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا دىئالېكتىك تەپەككۇر قىلىش، دىئالېكتىك ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ زىددىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە توغرا پىكىر يۈرگۈزۈش ھەم ئۇلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئۆگىنىش

سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.** دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش—15-قۇرۇلتاينىڭ تېمىسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تېمىسى، شۇنداقلا نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشنىڭمۇ تېمىسى. نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش بىلەن 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. پەقەت دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ؛ 15-قۇرۇلتاي روھىنى ياخشى ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مەركەز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشتە ئۇنى 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ تېمىسىنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى، روھىي ماھىيىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە كۈچ چىقىرىپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگەللەش جەھەتتە كۈچ چىقىرىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتاي روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن يەنە شۇنى ئالاھىدە كۆرسەتتىكى، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش كېرەك دېيىمىز، "يېڭى" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى تۇتۇشقا غەيرەت قىلىش كېرەك دېيىمىز، "غەيرەت"نى ئەنە شۇ يەرگە ئىشلىتىشىمىز كېرەك؛ نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆلچەشتە دىققەت-ئېتىبارىمىزنىمۇ ئەنە شۇ يەرگە قويۇشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىننىڭ "ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆلچەش" دېگىنى ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆلچەش بىلەن بىر گەپ.

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىقلاشقانلىقى ۋە مۇكەممەللەشكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.** ھۆۋەتتىكى دۇنيادا پەن-تېخنىكا كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇرماقتا، تۈرلۈك يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى شەيئىلەر ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ تۇرماقتا. بىز قىلىۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرى تارىختا بولۇپ باقمىغان مۇرەككەپ، مۇشەققەتلىك ئىشتۇر. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى تەلەپ ئالدىدا، زامانىۋى رەھبەر بولغۇچىنىڭ بىلىمى كەمچىل بولۇپ قالسا بولمايدۇ، بىلىمى تار دائىرىدە بولۇپ قالسىمۇ، زور يېتەرسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۆگىنىش ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بولۇشى كېرەك، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، تىرىشىپ ئىنسانلار جەمئىيىتى ياراتقان بارلىق بىلىملەر بىلەن ئۆزىمىزنى بېيىتىشىمىز ۋە ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. رەھبىرىي كادىرلار قانداق بىلىم قۇرۇل-

مىسىنى ھازىرلىشى كېرەك؟ ئالدى بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر بولۇشى لازىم. بۇ يېتەكچى ئامىل، يادرو بولۇپ، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ، يېتەكچى رول ئوينايدۇ. يېتەكچى ئامىل، يادرونى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رەھبەر بولغۇچىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىقلىقى يەنە بىلىمنىڭ سىستېمىلىقلىقى ۋە ئەتراپلىقلىقىدا، جۈملىدىن پەلسەپە، سىياسەت، ئىقتىساد، قانۇن، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە پەن-تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملەرگە، بولۇپمۇ ھازىرقى دۇنيا سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەتلىرىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۈرلۈك يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.
ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنىڭ يۇقىرى-يۇقىرى ئەمەسلىكى خېلى زور دەرىجىدە بىزنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمىمىزنىڭ ئەتراپلىق بولغان-بولمىغانلىقىغا، سىستېمىلىق بولغان-بولمىغانلىقىغا، بىلىم قۇرۇلمىمىزنىڭ مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقىغا، قاينام-تاشقىنلىققا تولغان ئىشلىرىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلەلەيدىغان-كېلەلمەيدىغانلىقىغىمۇ باغلىق.

## ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلى

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۆگىنىشكە بولغان تونۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** ئۆگىنىشكە بولغان تونۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. نېمە ئۈچۈن بەزى يولداشلار ئۆگىنىش داۋامىدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق مەسىلىلەردىن خالىي بولالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدۇ؟ دەرۋەقە، بۇنىڭ خىلمۇخىل سەۋەبلىرى بار، لېكىن ئۇنىڭ گەۋدىلىك سەۋەبى ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىدۇر، ئۇ بولسىمۇ "ئۆگىنىش ئەسقاتمايدۇ"، "بىلىم ئەسقاتمايدۇ" دەيدىغان قاراشنىڭ بولۇپمۇ "نەزەرىيە ئەسقاتمايدۇ" دەيدىغان قاراشنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدۇر، كاللىغا بۇنداق تەسكىرە قاراش ئورناپ كېتىدىكەن، مۇقەررەر ھالدا، ئۆگىنىش جەھەتتە دەرمەھەللىك تۇيغۇسى، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۆگىنىش ئېغىزدىكى گەپ يۈزىدىلا توختاپ قالىدۇ، شەكىلۋازلىق تۈسىنى ئالغان خىلمۇخىل نەرسىلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ، تەجرىبىچىلىك ۋە سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆگىنىش داۋامىدا خىلمۇخىل ناچار خاھىشلارنى تۈگىتىپ، ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۆگىنىشكە بولغان خىلمۇخىل ناتوغرا تونۇشلارنى تۈزىتىپ، ئۆگىنىشنى ئۆزىمىزنىڭ زىممىسىدىكى تارىخىي مۇھىم ۋەزىپە بىلەن، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن، ھەر خىل خېيىم-خەتەرلەرنى يېڭىش ۋە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش بىلەن، شۇنىڭدەك پارتىيىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئىدىيە جەھەتتىن شۇنى چوڭقۇر ھەم ھەقىقىي چۈشىنىش ۋە تونۇش كېرەككى، پارتىيىمىز دەۋر يۈكلىگەن شەرەپلىك ھەم مۈشكۈل تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماقچى بولىدىكەن، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىگە تايىنىشى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈشى،

پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى كېرەك. پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيەسى ۋە ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتا، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەشتە ئىزچىل تۇردە ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش كېرەك. خىلمۇخىل قىيىنچىلىق، خېيىم-خەتەر ۋە مۇسابىقىلەر ئالدىدا، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنىڭ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىش ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىش كېرەك. ئەگەر بىز يەنىمۇ ئۆگىنىش ۋە يەنىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ئۆگىنىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ بارمايدىغان بولساق، دەۋرنىڭ ئارقىدا قالىمىز، خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ. مۇشۇنداق دەرمەھەللىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە كىرىزىس تۇيغۇسىنى تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىش قىلىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىپ، ئۆگىنىش داۋامىدا ئاڭلىقلىق، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئاكتىپلىقنى تۇرغۇزالايمىز، ئاندىن پارتىيە ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولۇش روھى بىلەن ئۆگىنىشنى كۈچەيتەلەيمىز، ئۆگىنىش سەۋىيىمىزمۇ ئۆسۈپ بارىدۇ.

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. بىزنىڭ قىلغان ئۆگىنىشلىرىمىز كۆرۈنۈشتە ناھايىتى قىزغىن، داغدۇغىلىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق مەسىلە ھەل قىلىنمىسا ياكى ناھايىتى ئاز ھەل قىلىنسا، ئۇنداق ئۆگىنىشنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ شۇڭا، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆگىنىش ئىستىلىدە چىڭ تۇرۇش ھەمدە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بىز بىرلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئەمەلىيەت ناھايىتى كۆپ، يىغىپ ئېيتقاندا، مۇنداق تۆت ئەمەلىيەت ئالاھىدە مۇھىم: بىرىنچىسى، ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى ئەمەلىيەت. ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش، چوڭ قۇرۇلما، چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ يۈزلىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىگىلەش كېرەك. ئىككىنچىسى، ھازىرقى زامان جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى. بىزنىڭ ماركسىزمنى ئۆگىنىشتىن مەقسىتىمىز ئۆگىنىش ئۈچۈنلا ئۆگىنىش ئەمەس، شۇنداقلا كىتابتىن ئۆتۈپ يەنە كىتابقا ئۆتۈش ئەمەس، ئۆزىمىزنى بىلەرمەن كۆرسىتىپ، باشقىلارغا ھەيۋە قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش. ”يېڭى تارىخىي دەۋردە، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش، ئاندىن كېيىن ئەمەلىيەت داۋامىدا نەزەرىيىنى تېخىمۇ بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر.“ (جياڭ زېمىن: «ئۆگىنىش ئىستىلىنى يەنىمۇ توغرىلاپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەيلى»، «خەلق گېزىتى» نىڭ 1999-يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈندىكى سانىدىن) ئۈچىنچىسى، ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلى-

يىتى، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۆگىنىشنى ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ماركسىزملىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش ئاساسىدا، ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ماركسىزم نۇقتىئىنەزىرىدە، كوممۇنىستلارنىڭ تارىخىي بۇرچى ۋە تۈپ مەقسىتىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش شارائىتىدا، بازار دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىن بېيىغان ئەھۋالدا، ئۆزىمىزنىڭ كوممۇنىستلارغا خاس ئېتىقاد ۋە ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرالىغان-تۇرالمىغانلىقىمىزغا، خەلق مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرالىغان-تۇرالمىغانلىقىمىزغا، شەخسىيەتچىلىك، تار مەھكىمىچىلىك ۋە ”ھەممىدە پۇلنى كۆزلەش“تەك ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرنى ئاڭلىق توسالىغان-توسالمىغانلىقىمىزغا، ئىدىيىمىزنى سەگەك، ھەرىكىتىمىزنى پاك تۇتالىغان-تۇتالمىغانلىقىمىزغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا نەزەر سېلىپ بېقىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق، توغرا بولغانلىرىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، خاتا بولغانلىرىنى تۈزىتىشىمىز، يېتەرسىزلىرىنى كۈچەيتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇپ، ھەر خىل پاسسىپلىق ۋە چىرىكلىكنى ئاڭلىق توسۇشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىسى، خىزمەت ئەمەلىيىتى. بۇ دېگەنلىك، نەزەرىيىنى كونكرېت خىزمەتلەرگە يېتەكچى قىلىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارمىقىمىزنىڭ ۋە ئۆز ئىدارىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر بىلەن، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ھازىر ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ شەيئىلەر ئۈستىدە قانۇنىيەتلىك بىلىش ھاسىل قىلىپ، زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ۋە يولىنى تېپىپ چىقىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي يوسۇندا قانات يايدۇرۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

**ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۆگىنىشنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشى ئۈستىدە ئېنىق نىشان، ۋەزىپە، مەزمۇن ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھازىرقى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق ئىشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىلمىي باشقۇرۇش ۋە قاتتىق نازارەتچىلىك بولمىسا بولمايدۇ، ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى ياخشى تۇتۇشتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇشتا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئۆگىنىشنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كۆپىنچە بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە شەرت قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھى بويىچە، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، بۇ خىزمەتنى پارتىيىنىڭ پارتىيىنى باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتۇشى كېرەك. پۈتۈن پارتىيە

دائىرىسىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتى، دېموكراتىك مۇھاكىمە قىلىش كەيپىياتى، پائال ئىزدىنىش كەيپىياتى، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش كەيپىياتىنى تىرىشىپ يارىتىش لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىش جەھەتتىكى رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دەرىجىمۇدەرىجە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنى سىناش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كادىرلارنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىش كېرەك. ئۆگىنىش ئەھۋالىنى دائىم تەھلىل قىلىپ تۇرۇش، ئىلغارلارنى ئىلھاملاندۇرۇش، ئارقىدا قالغانلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك؛ دائىم تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ تۇرۇش، شۇ ئارقىلىق مەسىلىلەرنى بايقاش، ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئاساس قىلىدىغان، يۈزەكى ئىش كۆرىدىغان، شەكىلۋازلىق قىلىدىغان، ھەتتا سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمايدىغان، دېگىنى بىر خىل، قىلغىنى يەنە بىر خىل بولىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

قىسقىسى، نەزەرىيە ئۆگىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش—نۆۋەتتىكى مۇھىم ھەم جىددىي مەسىلە. بىز ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئۆگىنىش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ تۈزىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: دولقۇن قادىر**
**خۇدابەردى خېلىل**
**ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات نەزەرىيىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى، بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى

——پارتىيە 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئىدىيىسى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

ج ك پ شەندۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسى

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىدىغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى مەسىلە، يېڭى ۋەزىيەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ ۋە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا دائىر بىر قاتار يېڭى نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات نەزەرىيىسىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

**3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پىلانمۇ، بازارمۇ ۋاستە، سوتسىيالىزمنى بازار بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ دېگەن بايانى ئاساسىدا جۇڭگو ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت دەپ بېكىتتى ھەمدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مەزمۇنىنى ئىلمىي ھالدا شەرھلەدى.**

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نىشان ئەندىزىسىنىڭ تاللىنىشى ۋە بېكىتىلىشى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۇ ئىسلاھاتنىڭ يۆنىلىشى ۋە مۇساپىسىنى بەلگىلەيدۇ، ھەمدە ئىسلاھاتنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىمىز ئىلگىرى-

كېيىن بولۇپ، «پىلانلىق ئىگىلىك ئاساس، بازار ئىگىلىكى ياردەمچى»، «پىلان بىلەن بازارنى بىرلەشتۈرۈش»، «پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى»، «دۆلەت بازارنى تەڭشەش-تىزگىنلەش، بازار ئارقىلىق كارخانىنى يېتەكلەش» قاتارلىق ئىسلاھات نىشانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز ئېلىپ بارغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئەمەلىيەتتە يەنىلا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلغان، ئەمما ھەر خىل كۆزقاراشتىكىلەر تالاش-تارتىشتا قېلىۋەرگەچكە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ئىزچىل ئېنىق بولماي كەلگەندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە ئېنىق قىلىپ، بازارمۇ، پىلانمۇ ۋاسىتە، سوتسىيالىزمنى بازار بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ كۆرسەتىپ، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى ئىجتىمائىي ئاساسىي تۈزۈم كاتېگورىيىسىگە تەۋە قىلىشتەك ئىدىيىۋى ئاسارەتنى تۈپ يىلتىزىدىن بىكار قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نىشان ئەندىزىسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرنىمۇ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. دەل مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، جۇڭگو ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، يەنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئۈللۈق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىگىلىكنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يولغا قويۇش دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئومۇمىيلىقىغا ۋە يۈنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە ھەل بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا يەنە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار زور مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلدى، ھەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلدى، 2010-يىلدىن بۇرۇن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش تەلەپ قىلىندى. جۇڭگو ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىساد نەزەرىيىسى جەھەتتىكى دەۋر بۆلگۈچ ئىجادىيىتى، ئۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ كەلگەن زور مەسىلىگە، يەنى سوتسىيالىزمنى بازار ئىگىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولامدۇ-يوق دېگەن مەسىلىگە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ئىككى جەھەتتىن تېخىمۇ ئېنىق جاۋاب بەردى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بىۋاسىتە ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىقنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى.

**پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ**

**ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ راۋاجلىنىشى-
غا يول قويۇش ۋە رىغبەت بېرىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
"ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى ئورتاق راۋاجلان-
دۇرۇش"نى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بىر تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈم قىلىپ بېكىتتى
ھەمدە مۇلۇكچىلىككە دائىر ئىسلاھات نەزەرىيىسىنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ مەزمۇنى، رېئاللى-
شىش شەكلى ۋە مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن زور دەرىجىدە بېيىتتى.**

ماركسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ
سەۋىيىسىگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك دېگەن پرىنسىپىغا ئاساسەن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ
دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيە-
سىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسا-
دىي تەركىبلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول قويۇش كېرەك دېگەن مۇھىم ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە "بىرىنچىدىن چوڭ بولۇش، ئىككىنچىدىن
ئومۇمىي بولۇش" دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيىنى بۇزۇپ تاشلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ،
مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە بولغان
ئاسارىتىنى تەدرىجىي تۈگىتىپ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىش
ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن توغرا يول ئېچىپ بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ماس كېلىدىغان سوتسىيالىستىك ئىش-
لەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنى ئىزدەپ تېپىش بىزنىڭ ئومۇمىي
مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم نەزەرىيىۋى
ئاساس يارىتىپ بەردى دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت
رەھبەرلىك كوللېكتىپى "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي مۇلۇك-
چىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ
باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكنى بازار ئىگىلىكى
شارائىتىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش ۋە زورىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ،
پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتتا مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى، ئومۇمىي مۇلۇكچى-
لىكنىڭ مەنىسى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان
قىلىپ، مۇلۇكچىلىك ئىسلاھاتى نەزەرىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك بېيىتتى. دوكلاتتا دۆلىتى-
مىزنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان ھەم ئۇزاققىچە تۇرىدىغان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن
ئىبارەت بۇ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىغا دائىر
مەسىلىلەر سىستېمىلىق، چوڭقۇر شەرھلەندى، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش ۋە تەڭشەشكە ئائىت ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، "ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي
گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش" سوتسىيالىزم-
نىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم قىلىپ بېكىتىلدى، غەيرىي ئومۇمىي
مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى
ئىكەنلىكى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ دوكلاتتا ئىلگىرىكى نەزەرىيە جەھەتتىكى مۇجە-

ھەل قاراشلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە ئارىلاشما ئىگىلىكتىكى ئومۇمىي ئىگىلىك قىسمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ ئېنىق كۆرسىتىلىپ، پاي تۈزۈمى ئىگىلىكى قاتارلىق ئارىلاشما ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن نەزەرىيە ۋە سىياسەت جەھەتتىكى توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلاندى؛ دوكلاتتا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، سۈپەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ۋە كونترول قىلىش كۈچىنىڭ ئاشقانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىلدى؛ دوكلاتتا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بىلەن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى تۇنجى قېتىم ئايرىۋېتىلىپ، ئىجادىي ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى كۆپ خىل بولۇشى كېرەك ھەم كۆپ خىل بولسا بولىدۇ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدىغان رېئاللىشىش شەكلى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش كېرەك، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكىللىرى ۋە تەشكىلىي شەكىللەردىن دادىللىق بىلەن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، مەسىلەن، پاي تۈزۈمى زامانىۋى كارخانىلاردىكى بىر خىل كاپىتالنى تەشكىللەش شەكلى بولۇپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىۋېتىشتە كارخانا ۋە كاپىتالنىڭ ئايلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە، تارقاق كاپىتالنى توپلاپ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى ۋە تىجارەت كۆلىمىنى تېز سۈرئەتتە كېڭەيتىشكە پايدىلىق، شۇڭا ئۇنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئۈنۈملۈك رېئاللىشىش شەكلى قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى رىغبەتلەندۈرۈش لازىم. يۇقىرىقى نەزەرىيە جەھەتتىكى يېڭىلىقلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىقنى تەقسىملەش جەھەتتىكى ئاساسىي رولى جارى قىلدۇرۇلۇۋاتقان، بازار رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت ئومۇمىي مۇلۇكنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كونترول قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۈنۈملۈك رېئاللىشىش شەكلىنى تېپىپ چىقىپ، ئومۇمىي ئىگىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە زورايتىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، مانا بۇ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكىنى قانداق بىرلەشتۈرۈش كېرەك دېگەن بۇ نەزەرىيە جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىنى ئىنتايىن مۇھىم تەرەپتىن ھەل قىلدى:

**يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەڭ تەقسىماتچىلىق سوتسىيالىزمنىڭ تەقسىمات پرىنسىپى ئەمەس، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئالدىن بېيىشىنى قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك دەپ كۆرسەتكەنىدى. پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى يۇقىرىقى ئىدىيىلەردە چىڭ تۇرغان ئاساستا، ”ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىللىقىمۇ ئېتىبار بېرىش“، ”ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئامىللارغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش“ دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، ئەسلىدە بار بولغان

تەقسىمات تۈزۈمىنى مۇناسىپ ھالدا ئىسلاھ قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنداقتا، سوتسىيالىس- تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا، زادى قانداق تەقسىمات تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئاچقۇچى ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قاراشقا بېرىپ تاقىلىدۇ، ئىلگىرى، بىز ئادىللىق پرىنسىپىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، ئادىل بولۇش ئۈچۈن ئۈنۈمنى قۇربان قىلىشتىن ئايانماي، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى يولغا قويغانىدۇق. بۇنداق تەقسىمات تۈزۈمى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى سۇسلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللى- رىغا ئايلىنىشىغا پايدىسىز بولغان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئېشىشىغىمۇ توسالغۇ بولغان، نەتىجىدە ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى بىلەن قوشقان تۆھپىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم ئادەملەر يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئەمگىكىنى ئىگەللىۋالىدىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىدى، ئەمەلىيەتتە بۇمۇ ئادىل ئەمەس. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەڭ تەقسىماتچىلىقنى تەنقىد قىلدى، بىر قىسىم جايلار، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ئالدىن بېيىشى ئارقىلىق قەدەممۇقەدەم ئورتاق بېيىش يولىغا مېڭىش چوڭ سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەقسىمات تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئەم- گەكچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىدى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرى- سىدىكى قارارى» دا تۇنجى قېتىم "ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىللىقنىمۇ ئېتىبار بېرىش" پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەممىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق قىلىش پرىنسىپىدىن چىقىش قىلىپ، تەقسىمات تۈزۈمىنى ئالدى بىلەن ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق قىلىش كېرەكلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، ئەمگەكچىلەر جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى بولغاچقا، كىرىم تەقسىماتى ئۈستىدە بەكىشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىپ، تىرىشىپ ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ئۈنۈم بىلەن ئادىللىقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي نەزەرىيىۋى مەسىلە ھەل قىلىنغاچقا، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەقسىمات پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىشلەپچىقىرىش ئامىللى- رىنىڭ تەقسىماتقا قاتنىشىشىغا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش—20 يىلدىن بۇيانقى تەقسىمات تۈزۈلمىسى ئۈستىدىكى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن، دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم راۋاجى. ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى تەقسىماتقا قاتناشتۇرۇش مۇكەممەللەشكەن بازار مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش، بارلىق ئىجتىمائىي بايلىق- لارنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ تەقسىمات پرىنسىپىنى يولغا

قويۇشنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر ھالدا بىر قىسىم ئادەملەر، بىر قىسىم جايلار ئالدىن بېيىش، ئالدىن بېيىغانلار كېيىن بېيىدىغانلارنى يېتەكلەپ، ئاخىرى ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل سىياسەت تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش قاتارلىق مۇھىم ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇشۇ ئاساستا، پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، "چوڭلىرىنى تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش"نى يولغا قويۇش، دۆلەت مۈلكى ئۈستىدە ئىستراتېگىيىلىك قايتا تەشكىللەشنى يولغا قويۇش، "قوشۇۋېلىشقا ئىلھام بېرىش، ۋەيران بولۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئادەمنى ئازايتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش"، زامانىۋى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، ئاپپاراتلارنى قىسقارتىش، فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق مۇھىم نەزەرىيە ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.**

دۆلەت ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ تۈۋرۈكى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، چوقۇم ئىسلاھات ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنى ھەقىقىي بازار سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ، يېڭى تۈزۈلمىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا مىكرو ئاساس سېلىش لازىم. ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىشنى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئۈچۈن ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. 80-يىللاردىلا پارتىيىمىز دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چۆرىدىگەن ھالدا شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى قانات يايدۇرغانىدى، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، پايدىنى ئۆتۈنۈش، ئىككى قەدەمدە "پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش"، ئىگىلىك باشقۇرۇش بويىچە ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىش ياساپ، كارخانىلارغا مۇئەييەن ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىنغانىدى. ئەمما، بۇ ئىسلاھاتلار ئەنئەنىۋى كارخانا تۈزۈلمىسىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تېگەلمىگەچكە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولمىدى، يەنىلا ھەقىقىي تۈردە بازار سۇبيېكتىغا ئايلىنالمىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇنى بازار ئىگىلىكى بىلەن بىر ئىزغا سېلىش مەقسىتى ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى. ئىلگىرىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەت

كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ئىجادىي ھالدا، ”مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق، ھوقۇق-مەسئۇ-
لىيەت روشەن، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن، باشقۇرۇش ئىلمىي بولغان“ زامانىۋى
كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەتتە بىر تۈركۈم
ئۆلچەملىك شىركەتلەرنى تاللاپ چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركەتلىرى ۋە پاي چېكى ھەسسىدار-
لىق شىركەتلىرى قۇرۇش ئۈستىدە سىناق ئېلىپ بېرىش، تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن
كېيىن، سىناق ئۆلچەملىرىنىڭ كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش، بۇ ئارقىلىق دۆلەت كارخا-
نىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش، ھەمدە ئۇنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش،
بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ كارخانا ئىسلاھاتىنى ”نوقۇل ھالدا ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ
بېرىش ۋە پايدىنى ئۆتۈنۈش“تىن ”تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش“ باسقۇچىغا كىرگۈزۈشتىن
ئىبارەت، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەز ئىسلاھات ئۇسۇلى
بىلەن دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش ۋە جانلاندۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە سىياسەت
تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، ھەر بىر دۆلەت كارخانىسىنى ياخشىلاش ۋە
جانلاندۇرۇشنى ئاساس قىلىشتىن دۆلەت ئىگىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلاش ۋە
جانلاندۇرۇشقا ئۆتۈش؛ ”چوڭلىرىنى تۇتۇش، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىش“ سىياسىتىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇش؛ قوشۇۋېتىش، بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق دۆلەت بايلىقىغا
قارىتا ئىستراتېگىيىلىك قايتا تەشكىللەش ئېلىپ بېرىپ، چوڭ تىپتىكى كارخانا گۇرۇھلىرى-
نى قۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش؛ ”قوشۇۋېلىشنى قوللاش،
ۋەيران بولۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش،
خادىملارنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور
كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش“، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت
كۈچىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش؛ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا
قويۇپ، دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسى-
نى ئۆزگەرتىش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىغا ماس كېلىدىغان تاشقى مۇھىت يارىتىش
ۋەھاكازالار. 1999-يىلى 9-ئايدا پارتىيىنىڭ 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي
يىغىنىدا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى
ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر بەزى زور مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى.
«قارار» دا پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتاي روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، 15-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى
دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تەجرىبىلىرى ئىلمىي ئۇسۇلدا يەكۈنلەندى،
دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر نۇرغۇن زور نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر
ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلدى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «قارار» دا يول ئېچىپ ئىلگىرى-
لەش روھى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر
نۇرغۇن مەسىلىلەردە يېڭى تەرەققىياتلار ۋە بۆسۈشلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، ئىلگىرى-
لەشمۇ بولۇش، چېكىنىشمۇ بولۇش، قىلىدىغاننى قىلىش، قىلمايدىغاننى قىلماسلىق قاتار-
لىقلاردا چىڭ تۇرۇلدى، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلىشىشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش-

نىڭ يۆنىلىشى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ كونترول قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ يولى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلدى؛ دۆلەت ئىگىلىكى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئاساسىي ساھەلەر ئېنىق ئايرىپ بېرىلدى؛ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ نۇقتىلىق ھالقىلىرى شەرھلەندى؛ پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپى بىلەن مۇدىرىيەتنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرغۇچى تاللىشىنى بىرلەشتۈرۈش، تەشكىلنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بازارنىڭ تاللىشىنى بىرلەشتۈرۈشتەك كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىغا دائىر يېڭى پىكىر يولى بېكىتىلدى ۋەھاكازالار. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلار دېڭ شىياۋپىڭنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، ھەر خىل ئىسلاھاتلار ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلۇشى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى نىشانىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

**يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يەككە-يېگانە ئېلىپ بارغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ دېگەن ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈش، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.**

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن ئىلگىرى، بىز ئىسلاھاتنىڭ سىستېمىلىقلىقىغا، بىر پۈتۈنلۈككە بولغان تونۇشىمىز ئېنىق ئەمەس ئىدى، "كارخانا مەركەز نەزەرىيىسى" ۋە "باھا مەركەز نەزەرىيىسى"دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىسلاھات تەشەببۇسى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. مەيلى قايسى خىل ئىسلاھات تەشەببۇسى قوللىنىلسۇن، ھېچقايسىسىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارالمىغاچقا، كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايتتى. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىسلاھاتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، سىستېمىلىقلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئىلگىرىكى مەلۇم بىر ساھەدىكى ئىسلاھاتتا نوقۇل بىر ئىشقىلا تۇتۇش قىلىشتەك ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىسلاھاتتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن، پۈتۈن مەملىكەتتە بىر تۇتاش-ئوچۇق، رىقابەتلىك-تەرتىپلىك بولغان بازار سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، بازار قائىدىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار تەرتىپىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ باھا، مالىيە، باج، پىلان، مەبلەغ ۋە پۇل مۇئامىلىسى جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئورتاق چوڭقۇرلاشتۇردى؛ ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى ۋە فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانا ئىسلاھاتى ئۈچۈن تاشقى شارائىت يارىتىپ بەردى؛ داۋالاش، تۇرالغۇ جاي، ئىشسىزلىق، پېنسىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازار رىقابىتىگە باراۋەر قاتنىشىشىغا ئاساس يارىتىپ

بەردى؛ ئىقتىسادقا دائىر بىر قاتار قانۇن-قائىدىلەرنى تۈزۈپ ۋە ئېلان قىلىپ، بازار تەرتىپى، بازار سودىسى ۋە بازارنىڭ ئاساسىي پائالىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇردى. يوقىرىقىلارنىڭ تۈرتكىسىدە دۆلىتىمىز ماكرو جەھەتتە بازار ئىگىلىكى مۇناسىۋىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە دۆلەتنىڭ ماكرو ئىگىلىكنى تەڭشەش ۋە تىزگىنلىشى ئۈچۈنمۇ تاللاشقا بولىدىغان تېخىمۇ كۆپ سىياسەتكە دائىر قورال ۋە ۋاستە بىلەن تەمىنلەپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا بولغان تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. ئىلگىرى ئىقتىساد جەھەتە ھەددىدىن زىيادە قىزىپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەندە، بىز ھەمىشە ئاساسلىقى مەمۇرىي ۋاستە بىلەن مەبلەغ سېلىش ۋە ئىستېمالنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز ئېشىپ كېتىشىنى توسۇپ، يەنى "ئىقتىسادنى مەجبۇرىي ئىزىغا چۈشۈرۈش" چارىسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنىڭ ھەددىدىن زىيادە تېز ئېشىپ كېتىش مەسىلىسىنى ۋاقىتلىق ھەل قىلاتتۇق. بۇنىڭدا يوشۇرۇن ئاپەت قېلىپ قالغاچقا ئىقتىسادنىڭ كېيىنكى نورمال ئېشىشىغا تەسىر يېتەتتى. دەل ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقتىن، 1995-يىلى دۆلىتىمىزدە يەنە بىر قېتىم ئىقتىساد جەھەتتە قىزىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەندە، دۆلەت ئاساسلىقى ئىقتىسادىي ۋاستە قوللىنىپ، مەمۇرىي ۋە قانۇن ۋاستىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ "ئىقتىسادنى سالماقلىق بىلەن ئىزىغا چۈشۈرۈش"نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشقا ئاشۇردى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى تۆۋەنلەپ كەتكەندىمۇ، ئىقتىسادنىڭ نورمال ئېشىشى ساقلاپ قېلىندى. دۆلىتىمىز پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرغاچقا، ھەم پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم چوڭ يوشۇرۇن ئاپەتلەر تۈگىتىلدى، ھەم ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سەۋەبىدىن ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچى خوراپ كەتمىدى، 1997-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بەرگەن، ئۇنىڭ تەسىرىدە ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىقتىساد قالايمىقانلىشىپ ۋە خارابلىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا دۆلىتىمىز بۇ سىناققا بەرداشلىق بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئۇدا ئىككى يىل 8% ئەتراپىدىكى ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قالدى، خەلق پۇلىنىڭ قىممىتى مۇقىم بولدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل تېز سۈرئەتتە ساغلام تەرەققىي قىلىش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ دۆلەتلىك رولى جارى قىلدۇرۇلۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات ئىدىيىسى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**بىرىنچى، پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات ئىدىيىسى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا بولغان چۈشەنچىسنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.** تۆپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ جەزمەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشىنى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيەت ۋە ۋەزىپىلەر بەلگىلىگەن. شۇڭلاشقا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قانداق ئېلىپ بېرىشتا، شەك-شۈبھىسىزكى، جەزمەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى

باسقۇچىدىكى ئەمەلىيەتتىن جاۋاب ئىزدەش لازىم. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيانقى يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى 9 ئاساسىي ئالاھىدىلىكنى تونجى قېتىم ئىلمىي يوسۇندا يىغىنچاقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت، ئاساسىي ۋەزىپە ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىنى بايان قىلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاساسىي نىشانى ۋە تۈپ سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى تىكلەپ، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا بولغان چۈشەنچىسىنى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇردى. پارتىيىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا بولغان تونۇشتا نەزەرىيە جەھەتتە تۈپتىن بۆسۈش ھاسىل قىلغاچقا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلارنى ۋە توغرا سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى بىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىپ بولغانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇڭا جەزمەن سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئاساسىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، ئىسلاھاتتا سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن ئازراقمۇ چەتنەپ كېتىشكە بولمايدۇ. مانا بۇ بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، ئىسلاھاتنىڭ نىشانى ھەرگىزمۇ غەربتىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئۆگىنىپ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، بىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىپ بولدۇق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مەلۇم تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ئەمما، تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات سەۋىيىمىز يەنىلا تولىمۇ تۆۋەن، ھەم تولىمۇ تەكشىسىز. مانا بۇ پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“نى ئۆلچەم قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا دائىر سىياسەتلەرنى بېكىتىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئىمكانىيەت يار بېرىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي بايلىقلارنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە باشقا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشنى بەلگىلىگەن.

**ئىككىنچى، پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات ئىدىيىسى پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.** دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسى بۈگۈنكى جۇڭگودىكى ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىسادشۇناسلىقتۇر.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىجاد قىلغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر ئىقتىساد نەزەرىيىسى دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈپكى يېتەكچى ئىدىيىسى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىساد نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي كۆزقاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر. ئەمما، خۇددى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئوخشاش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىمۇ ئوچۇق ۋە تەرەققىي قىلىدىغان سىستېما، ئۇنىڭدا ھەم چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەم ئەمەلىيەت داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ۋە ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن بۇ نەزەرىيىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭىلاش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. مانا بۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە تۇتىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىدۇر. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىمىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نەزەرىيىسىنى تەتبىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا نەزەرىيە جەھەتتىن باش قاتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، سوتسىيالىزم بىلەن بازار ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش، مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، تەقسىمات تۈزۈمى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، يېڭى نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ يېڭى نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلدى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلدى. ئەمەلىيەت بۇ كۆزقاراشلارنىڭ توغرا ۋە ئىلمىي ئىكەنلىكىنى، دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات نەزەرىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

**ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات ئىدىيىسى پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى تەتبىق قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىدىكى نەزەرىيىۋى جەۋھەر بولۇپ، بۇنىڭدا مول دىئالېكتىك ئىدىيە ئەكس ئەتتۈرۈلدى.** مەسىلەن، مەركەز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئەسلىدىكى مەلۇم بىر جەھەتتىكى يېگانە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىسلاھ قىلىش ۋە ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئىلگىرى سۈرۈشكە يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدا ھەل قىلغۇچ تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن

ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى تەكىتلىدى، ئىسلاھات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، تەرەققىيات نىشان، مۇقىملىق كاپالەت دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى، مانا بۇلار پارتىيىمىزنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىدىغان، ئۆزئارا تايىنىدىغان ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇش ئاساسىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر ۋە شەيئىلەرگە ئەتراپلىق قاراش ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق ئالغلىق يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. يەنە مەسىلەن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا باشتىن-ئاياغ ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى مەركىزىي ھالقا سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى، ھەمدە ئاساسىي زېھنىي كۈچنى دۆلەت كارخانىلىرى ئىچىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى ياخشى تۇتۇشقا قاراتتى، مانا بۇ، 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇرەككەپ، چىگىش ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىن ئاساسلىق زىددىيەتنى ۋە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسلىق زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىنى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ماھىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ۋەھاكازالار.

پارتىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە ماركسىزملىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى پىششىق تەتبىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات نەزەرىيىسى جەھەتتە بىر قاتار يېڭىلىقلارنى يارىتىشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىزچىل تۈردە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيىنى بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى چوقۇم ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشكە، بولۇپمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە، بۇ نەزەرىيىلەرنى تەتبىق قىلىپ بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشقا كۆپ قېتىم چاقىردى. ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە نەزەرىيىگە ئەھمىيەت بېرىش بىر پارتىيە ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئىشىنىمىزكى، مۇشۇنداق پىشىپ يېتىلگەن مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىز چوقۇم ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن**

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدىكى مۇهىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كېرەك

جۇ جۇنفېڭ، يۈەن شياۋيۈن

يولداش دېڭ شياۋپىڭ "جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوغلى" سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد رەهبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇهىم ئەزاسى، ئىككىنچى ئەۋلاد رەهبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى سۈپىتى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى ۋە ئۆز خەلقىنى چوڭقۇر مۇهەببىتى بىلەن سۆيدى، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك هوقۇقىغا هەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى باشتىن-ئاخىر قوغداپ كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىسىنى بېغىشلىدى، پۈتۈن هاياتىدىكى زېهنىي كۈچىنى تەقدىم قىلدى.

## 1. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك

دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكى دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىش-چۈشكۈنلىشىشىگە، هايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك.

دۆلىتىمىز يېقىنقى دەۋرگە قەدەم تاشلىغاندىن بۇيان، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكى كۈچلۈك جاهانگىر دۆلەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى، چىرىك ۋە قابىلىيەتسىز فېئودال هۆكۈمرانلار ئارقا-ئارقىدىن ئىگىلىك هوقۇقىنى يوقىتىپ ۋەتەننى هاقارەتكە دۇچار قىلغان ۋەتەن ساتقۇچ شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ خورلۇققا ئۇچراتتى. يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان خەلقىمىز باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، ئاخىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەهبەرلىكىدە مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان دۆلەت هاكىمىيىتىنى قۇردى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى كومپارتىيىسىنىڭ ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەهبەرلىكىدە ئامېرىكا جاهانگىرلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى زومىگەرلىرى قاتارلىق تاشقى كۈچلەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى ۋە هەربىي تاجاۋۇزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ۋەتەننىڭ

ئىگىلىك هوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ، دۆلىتىمىزنى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك هۆرمىتىگە ئىگە قىلدى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىگە ۋە خەلققە رەهبەرلىك قىلىپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگونى دۇنيا شەرقىدە هەيۋەتلىك هالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغۇزدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىنى ئېچىش نۇتقىدا تەنتەنىلىك هالدا دۇنياغا مۇنداق دەپ جاكارلىدى: ”جۇڭگو خەلقى باشقا ئەللەر ۋە خەلقلەر بىلەن بولغان دوستلۇقى ۋە هەمكارلىقىنى قەدىرلەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش هوقۇقىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدۇ. هەرقانداق چەت ئەل جۇڭگونى ئۆزىگە بېقىندۇرۇمەن دېمىسۇن، جۇڭگونى ئۆز مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىدۇ دېمىسۇن.“ ”جۇڭگو خەلقى ئۆزىگە خاس مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئىپتىخارغا ئىگە، ئۇلار ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچىنى بېغىشلاشنى ئەڭ زور شەرەپ دەپ بىلىدۇ، سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ مەنپەئىتىگە، غۇرۇرىغا ۋە شان-شۆهرىتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى ئەڭ چوڭ نومۇس دەپ بىلىدۇ.“ يولداش دېڭ شياۋپىڭ زومىگەرلەر ۋە جاهانگىرلارنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىشىغا ۋە خورلىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى، بۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ”تىزگىنلىنىشتىن قۇتۇلۇش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇش ۋە ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى“غا ئارىلىشىشقا قەتئىي قارشى تۇردى، زومىگەرلەر ۋە جاهانگىرلارنىڭ جۇڭگودەك تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇنداق بىر چوڭ دۆلەتكە بولغان مۇئامىلىدە كەينى-كەينىدىن قارار ماقۇللاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى. ئۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى مۇستەقىللىقنى، ئىگىلىك هوقۇقىنى قوغداش ۋەزىپىسى ”جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ“ دەپ ئاگاهلاندۇرۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى بىرلىشىپ، ئىگىلىك هوقۇقىنى، مۇستەقىللىقنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. 1989-يىلى يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەدە غەرب ئەللىرىنىڭ بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ پاراكەندىچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر هالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”مۇشۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق بىزنى سەلبىي جەھەتتىن تەربىيىگە ئىگە قىلدى. دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك، بۇنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالدۇق.“ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە كەسكىن تۇردە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”دۆلىتىمىزنىڭ چەتنىڭ هەرقانداق مۇداخىلىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن زۆرۈر تېپىلسىلا، مالىمانچىلىق ئامىللىرى كۆرۈلگەن هامان ئۇنى قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ تېز تۈگىتىمىز.“

يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى بىلەن دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى بىر-بىرىگە باغلاپ قويغانلىقى هەمدە ئۇلارنى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيە مەسىلىسى دەپ تەڭلا بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىقى هاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىختەرلىكىنى قوغداشتىكى كەسكىن مەيدانى ۋە قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى بىلەن بىختەرلىكى ئايرىلماستۇر، ئىگىلىك ھوقۇقى يوقىتىپ قويۇلسا، بىختەرلىك ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدۇ؛ بىختەرلىك يوقىتىپ قويۇلسا، ئىگىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. خەلق مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىختەرلىكىنى ئەلۋەتتە بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىختەرلىكىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىدۇ، بۇنىڭدا ھەم مىللەتنىڭ ئىسىل ئەنئەنىلىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن، ھەم يېڭى دەۋر روھىنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرغان بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىڭ يىللىق مىللىي روھىنىڭ يۈكسىلىشىدۇر.

## 2. ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە ئىمكانىيەت قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان ۋە مۇزاكىرىلىشىدىغان مەسىلە ئەمەس

شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش شەرت، چۈنكى بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياتىدىغان مۇھىم مەسىلە. شياڭگاڭنى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇۋېلىش ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى جۇڭگو-ئەنگلىيە سۆھبىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ قەتئىي، كەسكىن پوزىتسىيە ۋە ئۆتكۈر تىللار بىلەن دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتىكى قەتئىيلىكىنى ۋە پرىنسىپاللىقىنى ئىپادىلىدى.

1982-يىل 9-ئايدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەنگلىيە باش ۋەزىرى ساچېر خانىم بىلەن كۆرۈشكەندە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ جاكارلىدى: جۇڭگو 1997-يىلى شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋالىدۇ، جۇڭگو ئەنگلىيە بىلەن مۇشۇ شەرت ئاستىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە چارىسى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىدۇ. ساچېر خانىم تارىختا ئەنگلىيىنىڭ زورلىشى بىلەن جۇڭگونىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە خەلقئارا قانۇن بويىچە يەنىلا كۈچكە ئىگە، 1997-يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە شياڭگاڭنى داۋاملىق باشقۇرىدۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ، ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى مۇزاكىرىلىشىدىغان مەسىلە ئەمەس، ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئورنى يوق، قانداق ئۇسۇل بىلەن قايتۇرۇۋېلىش مەسىلىسى ئۈستىدىلا سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو شياڭگاڭنى 1997-يىلىمۇ قايتۇرۇۋالمايدىغان بولسا، ”جۇڭگونىڭ ھەرقانداق بىر رەھبىرىمۇ، ھۆكۈمىتىمۇ جۇڭگو خەلقى ئالدىدا جاۋاب بېرەلمەيدۇ، ھەتتا دۇنيا خەلقى ئالدىدىمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. قايتۇرۇۋالمىسا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەتتەك ھۆكۈمەت بولۇپ قالى-

دۇ، جۇڭگو رەھبەرلىرى لى خۇڭجاڭدەك رەھبەر بولۇپ قالىدۇ!» «خەلقنىڭ بىزگە ئىشەنىشكە ئاساسى قالمايدۇ، جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق قىلغان ھەرقانداق ھۆكۈمىتىنىڭ تەختتىن چۈشۈپ، سىياسىي سەھنىدىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىشىگە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.»

1983-يىل 7-ئايدا جۇڭگو-ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى 1-نۆۋەتلىك سۆھبەتتە، ئەنگلىيە تەرەپ 1997-يىلدىن كېيىنمۇ ئەنگلىيە شياڭگاڭنى داۋاملىق باشقۇرىدىغانلىقىدا يەنىلا چىڭ تۇردى، تاكى 4-نۆۋەتلىك سۆھبەتكە قەدەر قىلچە بوشىمىدى. بۇنىڭغا قارىتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش ۋەزىرى ھىس بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەنگلىيىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا تېگىشىۋالىدىغان ئويى ئاقمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئەنگلىيە تەرەپنى 1984-يىلى 9-ئايغا كەلگەندە جۇڭگو شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بىر تەرەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈندىدى. 5-، 6-نۆۋەتلىك سۆھبەتتە، ئەنگلىيە تەرەپ ئەنگلىيە باشقۇرىدۇ دېگەن پىكرىدە ئەمدى چىڭ تۇرۇۋالمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئورتاق باشقۇرۇشنىمۇ كۆزلىمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. 7-نۆۋەتلىك سۆھبەتتىن باشلاپ، ئەنگلىيە تەرەپ جۇڭگونىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە چەك قويۇش غەرىزىدە، جۇڭگو تەرەپنىڭ شياڭگاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزمايدىغانلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىشىنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇنىڭغا كەسكىن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو شياڭگاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇشقا ھوقۇقلۇق»، چۈنكى جۇڭگونىڭ شياڭگاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇشى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ سىمۋولى. ئۇ مۇنداق دېدى: «جۇڭگو ئۈچۈن شياڭگاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇشتىن باشقا، شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگۈدەك يەنە نېمە بار؟ شياڭگاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇشنىڭ يەنە بىر رولى شۇكى، مالىمانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان كىشىلەر شياڭگاڭدا جۇڭگونىڭ ھەربىي قوشۇنى بارلىقىنى كۆرسە، ئويلىنىپ بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مالىمانچىلىق تۇغۇلغاندىمۇ، ئۇنى ۋاقتىدا تىنجىتقىلى بولىدۇ.» «ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىشىمىزدىن مەقسەت دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش.» بىزنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىمىز بىلەنلا، ئەنگلىيە تەرەپ «جۇڭگو شياڭگاڭدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزماسلىق» تەلىپىنى قايتۇرۇۋالدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان جۇڭگو ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ دېگەن ھۆكۈم ئەنگلىيىلىكلەر پەيدا قىلغان ئەڭ چوڭ توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو-پورتۇگالىيە ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەردى. جۇڭگو-پورتۇگالىيە ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتىدە ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يۈز بەرمىدى، پۈتكۈل سۆھبەت جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە قارىغاندا كۆپ ئوڭۇشلۇق بولدى. دەرۋەقە، ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بەزى زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ تەبىئىي ئىش، سۆھبەتتىكى ئەڭ چوڭ بىر مەسىلە ئاۋمېننى قايتۇرۇۋېلىش ۋاقتى مەسىلىسى بولدى. پورتۇگالىيە

تەرەپنىڭ ئاۋمېننى كېلەر ئەسىردە جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىگە قارىتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېنىق پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى: ”ئاۋمېن مەسىلىسىنى مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ھەل قىلىش شەرت، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قۇيرۇقىنى كېلەر ئەسىرگە سۆرەپ كىرىشكە قەتئىي بولمايدۇ.“ بۇنىڭ بىلەن پورتۇگالىيە تەرەپ ئاۋمېننى جۇڭگوغا 1999-يىل 12-ئاينىڭ 31-كۈنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. جۇڭگو تەرەپ 12-ئاينىڭ 31-كۈنى بەك كېچىكىپ كېتىدۇ دەپ قاراپ، 12-ئاينىڭ 20-كۈنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، پورتۇگالىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى، جۇڭگونىڭ ئاۋمېنغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقتى بۇنىڭ بىلەن بېكىتىلدى.

تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگونىڭ ئىچكى مەسىلىسى، ئەمما تەيۋەن ئارىلىدىكى ئايرىم كىشىلەر مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلغاچقا، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ تەيۋەنگە قول سېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش كويىدا بولغاچقا، تەيۋەن مەسىلىسى ئەينى ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1983-يىل 6-ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكىلىق مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقىتتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىز تەيۋەن ’پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلسۇن‘ دېگەن دەۋاغا قوشۇلمايمىز“، چۈنكى، ”’پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدۇ‘ غان بولسا، بىر جۇڭگو ئەمەس، ئىككى جۇڭگو بولۇپ قالىدۇ“، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، تەيۋەن ئۆزىگە خاس بولغان بەزى ھوقۇقلارغا ئىگە بولسا بولىدۇ. ئۇ چەت ئەللەرنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ ئىشقا چەت ئەلنى ئارىلاشتۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، چەت ئەل ئارىلاشقاندىن كېيىنلا، جۇڭگونىڭ تېخى مۇستەقىل بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ قالىدۇ-دە، تۈگىمەس بالا تېرىلىدۇ“. 1984-يىل 10-ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىر يىغىندا ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك قىلمىشىنى ئېچىپ تاشلاپ، بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەيۋەن بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى، تەيۋەندىن ھەربىي قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئاۋام پالاتاسى بىلەن كېڭەش پالاتاسى يەنە «تەيۋەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قانۇنى» نى ماقۇللاپ، تەيۋەنگە ”دۆلەت“ قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، جۇڭگو-ئامېرىكا ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ قوشۇلغان پرىنسىپقا ۋە ئامېرىكا تەرەپنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. دېڭ شياۋپىڭ كەسكىن تۇردە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئاشۇ «تەيسەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قانۇنى» نى ماقۇللاشنىڭ ئۆزى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق“. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىز تەيۋەن مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا چىڭ تۇرىمىز، لېكىن مەسىلىنى غەيرىي تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئېھتىمالىدىن ھېچقاچانمۇ ۋاز كەچكىنىمىز يوق، بىز بۇنداق ۋەدە بېرەلمەيمىز.“ ”قورال كۈچى ئىشلىتىشنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ، بۇنى بىز ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىم، بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى لازىم. بۇ بىر ئىستراتېگىيىلىك ئويلىنىش.“ 1986-يىل 9-ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكا مۇخبىرى ماك ۋاللاسنىڭ ”تەيۋەننىڭ

چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن بىرلىككە كېلىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟" دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بۇ بىرىنچىدىن، مىللىي مەسىلە، مىللىي ھېسسىيات مەسىلىسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى بولغانلىكى كىشى جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۆلۈنۈش ھالىتى مىللەتنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ. ئىككىنچىدىن، تەيۋەن چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن بىرلىككە كەلمىسىلا، تەيۋەننىڭ جۇڭگو زېمىنى بولۇش ئورنى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۈچىنچى سەۋەب شۇكى، بىز بىرلىك مەسىلىسىنى 'بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش' يولى بىلەن ھەل قىلىمىز." بۇنىڭدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەم بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە توختىلىپ، مىللىي ھېسسىيات ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەكىتلەپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتىكى پرىنسىپاللىقتا چىڭ تۇردى؛ ھەم بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ رېئال مۇمكىنچىلىكى، يەنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىپ، تارىخىي ئەمەلىيەت ۋە رېئال مۇمكىنچىلىكنى نەزەرگە ئېلىشتەك جانلىقلىقنى ئىپادىلىدى.

## 3. دۆلەت مەنپەئەتىنى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ يۇقىرى مىزان قىلىپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم

**دىپلوماتىيە سىياسىتىنى تۈزۈشنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى—دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى پايدىلىق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نىكسون بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئويلاشقاندا ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش لازىم. ئۆزىنىڭ يىراق كەلگۈسى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىرگە، قارشى تەرەپنىڭمۇ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىش، تارىخىي ئاداۋەت بىلەن ھېسابلاشماسلىق، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى پەرق بىلەن ھېسابلاشماسلىق"، يەنى "ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ يۇقىرى مىزان قىلىپ مەسىلىلەرنى سۆزلەش ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش" لازىم. ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق، لېكىن ئۇ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ توسالغۇسى بولۇپ قالماسلىقى، دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى قىلىنماسلىقى كېرەك. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئىدېئولوگىيىسى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت توقۇنۇشى يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئەكسىچە، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئىدېئولوگىيىسى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم تەرەپلەردە

ھەمكارلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيە بىلەن چەك-چېگرا ئايرىماي، دۆلەت مەنپەئىتىنىلا ئەڭ يۇقىرى مىزان قىلىش كېرەك. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداشنى تەكىتلىشىمىز باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن تامامەن بىردەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”جۇڭگو ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدايدۇ، جۇڭگو ئوخشاشلا، سوتسىيالىستىك دۆلەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.“

**مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.** مەملىكىتىمىز ئىزچىل ھالدا مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇردى ھەمدە ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. بىرىنچىدىن، ئىتتىپاق تۈزمەسلىك، ھەرقانداق گۇرۇھقا قاتناشماسلىقنى تەكىتلىدى. بىز ھەرقانداق خەلقئارالىق مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، جۇڭگو خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ھەق-ناھەق، يوللۇق-يولسىزلىقى ئاساسەن مۇستەقىل-ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولغان ھالدا ئۆزىمىزنىڭ مەيدان ۋە پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەپ كەلدۇق. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى قوغدىلىپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى ۋە رولى ئاشۇرۇلۇپلا قالماي، بەلكى دۇنيا تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدا يەتكۈزۈلدى. ئىككىنچىدىن، تىنچلىق بىلەن تەرەققىياتنىڭ نۆۋەتتىكى دۇنيادىكى ئىككى چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى، جۇڭگو تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش شەرتى ئاستىدا، بىر نەيەت-بىر مەقسەتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. بىز تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىمىز ۋە راۋاجلاندۇرىمىز؛ جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرىمىز. ئۈچىنچىدىن، ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى، ”جۇڭگو مەڭگۈ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى قاتارىدا تۇرىدىغانلىقى“نى، ”مەڭگۈ زومىگەر بولۇۋالمايدىغانلىقى“نى تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىۋاسىتە پايدىسى بولىدىغان ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ھەقىقىي ئاساسىي كۈچ ھېسابلىنىدۇ.“ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ئورتاق قوغدىغىلى، ھەمدە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقى ھەم مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

**زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش—تاشقى سىياسىتىمىزنىڭ پروگرام-**

مىسى. مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇشتا، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇشىمىز مۇقەررەر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا چاڭگال سېلىش بەلگە قىلىنغان زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتى ئۇرۇش ۋە دۇنيا تىنچسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبە، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. سوتسىيالىستىك جۇڭگودا، خەلقنىڭ مەنپەئىتى بىلەن دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش خەلقنىڭ ئەڭ چوڭ مەنپەئىتى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭمۇ ئەڭ چوڭ مەنپەئىتى؛ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى جۇڭگونىڭ زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى ئاساسلىق كۈچ ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى؛ جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى تىنچلىقپەرۋەر كۈچلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئۇرۇشنى تىزگىنلىگۈچى كۈچلەرنىڭ تەرەققىياتى ھېسابلىنىدۇ؛ جۇڭگو قانچە تەرەققىي قىلسا، دۇنيا تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ.

**تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى مىزان قىلىپ، خەلقئارا يېڭى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ بەرپا قىلىش لازىم.** خەلقئارا ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش ۋە بۆرۈلۈش يۈز بەرگەن، كونا دۇنيا قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ، يېڭى دۇنيا قۇرۇلمىسى تېخى شەكىللەنمىگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىيونلىرى ۋە رەھبەرلىرى خەلقئارا يېڭى سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. ئامېرىكا ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدىغان، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان خەلقئارا يېڭى تەرتىپ بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بولسا مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى: دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىكىگە ۋە رايون خاراكتېرلىك زومىگەرلىككە خاتىمە بېرىلىشى لازىم، "ئاز ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىنى مونوپول قىلىۋېلىشى"نىڭ ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولمايدۇ، "چوڭ ئائىلە" ئۇسۇلى، "گۇرۇھ سىياسىتى" ئۇسۇلى، "تەسىر دائىرىسى" ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى خەلقئارا مۇناسىۋەتنى دەسسىتىش كېرەك؛ يېڭى خەلقئارا مۇناسىۋەت، جۈملىدىن خەلقئارا يېڭى سىياسىي تەرتىپ ۋە خەلقئارا يېڭى ئىقتىسادىي تەرتىپ تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىشى، مىزان قىلىشى لازىم، چۈنكى تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئەڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. بىزنىڭ تەشەببۇسىمىز شۇكى، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي جېدەل-ماجىرالارنى قورال كۈچىگە مۇراجىئەت قىلىش ۋە قورال كۈچى بىلەن ھەيۋە قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش لازىم؛ كۈچۈم بار دەپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش، ئۇلارنى ئانىي تېپىش ۋە ئاغدۇرۇشقا بولمايدۇ؛ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈش ئاساسىدا ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىسە بولمايدۇ. پەقەت تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى مىزان قىلغاندىلا،

ئاندىن باي دۆلەتلەر نامرات دۆلەتلەرنى بۇلايدىغان، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئاجىز دۆلەتلەرنى ئانىي تاپىدىغان، چوڭ دۆلەتلەر كىچىك دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىپ، تىنچلىق-مۇقىملىق، ئادىللىق-لىللالىق، باراۋەرلىك-مەنپەئەتدارلىق، دوستلۇق-ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭى خەلقئارا سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ بەرپا قىلغىلى، دۇنيانىڭ ئەبەدىي تىنچلىقىنى قوغداپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

## 4. دۆلەت ھوقۇقى كىشىلىك ھوقۇقتىن مۇھىم، ئىنسانپەرۋەرلىك باھانىسى بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششقا ۋە ئىقتىسادىي جازا بېرىشكە قارشى تۇرۇش لازىم

دۇنيا يېڭى-كونا قۇرۇلما ئۆزئارا ئالمىشىۋاتقان ۋە داۋالغۇش بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتى ئەۋج ئالماقتا. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇۋاتقان جۇڭگونى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىش غەرىزىدە جۇڭگوغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، 1989-يىلىدىكى سىياسىي ۋەقەنى قوزغاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى، ھەم جۇڭگوغا قارىتا جازا يۈرگۈزدى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇنىڭغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇپ، مۇنداق بىرنەچچە مۇھىم ئىدىيىنى قايتا-قايتا بايان قىلدى:

**1 ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىششقا قارشى تۇرۇش**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتكۈل جاھانگىر غەرب دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى سوتسىيالىزم يولىدىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا خەلقئارا مونوپول كاپىتالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، كاپىتالىزم يولىغا كىرگۈزۈپ، غەرب ئەللىرىنىڭ بېقىندىسى قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كەسكىن ھالدا كۆرسەتتى. ئۇ بىزنى بۇ تەتۈر ئېقىمنى قەتئىي توسۇپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتا چىڭ تۇرۇشقا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشقا چاقىردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق دەپ جاكارلىدى: ”دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىشى لازىم. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.“ ئۇ قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”جۇڭگو باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىشىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلمايدۇ، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن، خەلق ھىمايە قىلىۋاتسا، چەت ئەلنىڭ ئارىلىشىشىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئۆزگەرتىشىمىز قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى يېڭى تەرتىپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئارىلاشماسلىق بولۇشى لازىم.“ ”جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئامېرىكىدىن كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئۆگەنمەيدۇ.“ قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تاللاش، قانداق تەرەققىيات يولىدا مېڭىش—پۈتۈنلەي بىر دۆلەت-

نىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئىچكى ئىشلىرى، ئۇنىڭغا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تەرەققىيات يولىدا مېڭىشى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن تاللىغان يولى، جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بولۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىشقا ھوقۇقى يوق.

## 2 دۆلەت ھوقۇقى كىشىلىك ھوقۇقىدىن مۇھىم

زومىگەرلىكنى يۈرگۈزۈپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا چاڭگال سېلىش مەقسىتىدە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ”كىشىلىك ھوقۇقى ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ“ دېيدىغان سەپسەتىنى توقۇپ چىقتى. بۇنىڭغا قارىتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”غەربتىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى بىلەن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، قانۇنغا مۇۋاپىق ئەمەس دېگەندەك نېمىلەر بىلەن نىقابلىنىۋېلىشى ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ دۆلەت ھوقۇقىمىزغا زىيان سېلىش ئۈچۈندۇر. زوراۋانلىق سىياسىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدىن سۆز ئېچىش سالاھىيىتى زادىلا يوق، ئۇلار دۇنيادىكى سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا زىيان سالدى!“ ”كىشىلەر كىشىلىك ھوقۇقىنى قوللايدۇ، ئەمما يەنە دۆلەت ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم. كىشىلىك غورۇرى ئۈستىدە توختالغاندا، دۆلەت غورۇرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق لازىم.“ ”ھەقىقىي سۆزنى ئېيتقاندا، دۆلەت ھوقۇقى كىشىلىك ھوقۇقىدىن كۆپ مۇھىم.“ ئۇ دەل جايىغا تەگكۈزگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: غەرب دۆلەتلىرى ھەمىشە نامرات، ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ھوقۇقىغا چاڭگال سالىدۇ، ”ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە دېگەن-لىرى كۈچىگە تايىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان كۈچلۈك، باي دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش، زومىگەرلەر، زوراۋانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.“ شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زومىگەرلىكنى يۈرگۈزۈش ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا چاڭگال سېلىش ئۈچۈن توقۇپ چىققان ”كىشىلىك ھوقۇقى ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ“ دېيدىغان سەپسەتىسىگە بېرىلگەن ئەڭ كۈچ-لۈك رەددىيەدۇر.

## 3 جازاغا تارتىلىشتىن قورقماسلىق

يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”دۇنيادا يېتىم قېلىشتىن، قامال قىلىنىشتىن، جازاغا تارتىلىشتىن ئەڭ قورقمايدىغان دۆلەت — جۇڭگو.“ 1989-يىلى 10-ئايدا ئۇ ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نىكسون بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بېيجىڭدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ئالدى بىلەن خەلقئارادىكى كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ كۈشكۈرتىشىدىن بولغان، ئامېرى-كا بۇ مەسىلىدە قولىنى بەك ئۇزۇن سوزدى، ھەمدە جۇڭگونى ئەيىبلىگىلى تۇردى، ئەمدى بىز ئامېرىكا بىلەن بىللە بۇ بىرنەچچە ئايلىق ئۆتمۈشكە خاتىمە بېرىپ كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئاچىمىز. ئۇ يەنە نىكسوننىڭ بۇش زۇڭتۇڭغا ئېيتىپ قويۇشىنى ھاۋالە قىلىپ مۇنداق دېدى: ئۆتمۈشكە خاتىمە بېرىشتە ئامېرىكا تەشەببۇسكار بولۇشى كېرەك، ئامېرىكىلا تەشەببۇسكار

بولالايدۇ، چۈنكى، ئامېرىكا كۈچلۈك، جۇڭگو ئاجىز، زىيان تارتقىنى جۇڭگو، ”جۇڭگو يالۋۇرتمەن دېگەنگە يالۋۇرمايدۇ. جازالاش 100 يىلغا سوزۇلۇپ كەتسىمۇ، جۇڭگولۇقلار جازانى بىكار قىلساڭلار دەپ يالۋۇرمايدۇ. جۇڭگو ئۆزىگە ئۆزى ھۆرمەت قىلمىسا، ئىنز بېسىپ تۇرالمايدۇ، دۆلەتنىڭ غۇرۇرىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بۇ ناھايىتى چوڭ يەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. جۇڭگونىڭ ھەرقانداق بىر رەھبىرى بۇ مەسىلىدە خاتالىشىدىكەن، تەختتىن چۈشىدۇ، جۇڭگو خەلقى ئۇنى ئەپۇ قىلمايدۇ.“ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە پۈتۈن دۇنياغا قايتا-قايتا جاكارلاپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو ياماندىن قورقمايدۇ، يامانلارغا بوي بەرمەيدۇ، بېسىمدىن قورقمايدۇ، ئۆزىنى ئاجىز كۆرسەتمەيدۇ، جۇڭگو خەلقىنى قورقاتقىلى، بېسىم بىلەن غۇلاتقىلى بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىغا خاس زور جاسارەت بىلەن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ جازالاشتىن ئىبارەت تەتۈر ئېقىمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە سوتسىيالىستىك ئوبرازىنى قوغداپ قالدى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، دەل يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۇقىرىقى ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىز ئاخىر غەربنىڭ جازالىشىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ۋە تاشقى ئىقتىساد-سودا ھەمكارلىقىدا يېڭى تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈردۇق.

ئىنسانلار ئەسىر ئالمىشىش ۋە مىڭ يىل ئالمىشىش پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، لېكىن كۆپ قۇتۇپلاشقان قۇرۇلمىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللىنىشى مۇرەككەپ كۈرەشكە تولغان ئۇزاق مۇددەتلىك جەريان بولىدۇ؛ تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات ھېلىھەم دەۋرنىڭ تېمىسى بولۇۋاتىدۇ، لېكىن جاھان تىنچلىنىپ كەتكىنى يوق؛ بىرقەدەر ئۇزاق مەزگىلدە يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلىنىش مۇمكىن، لېكىن زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنى يولغا قويغۇچىلار يەنىلا تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەر بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا چاڭگال سېلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، قىسمەن دائىرىلىك ئۇرۇش قوزغاۋاتىدۇ. ئۆزگىرىپ تۇرغان مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت ئالدىدا سىياسىي خەۋپ، ئىقتىسادىي (پۇل مۇئامىلىسى) خەۋپ، ۋە تەبىئىي ئاپەت خەۋپىنىڭ سىناقلىرىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بەرداشلىق بېرەلىگەن يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ۋە بېيىتىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدا

چېن دۇڭشېڭ

يېقىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە شارائىت ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلاندى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى؛ غەربىي رايونلارنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە يېڭى ئىدىيە بولۇش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. مەركەزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىمۇ ئېنىق قىلىپ، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەڭكەش تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي يولغا قويۇش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش — ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى بىلەن، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئاخىرىدا ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان، 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن چوڭ ئىستراتېگىيە، چوڭ سىياسەت. ئۇنى چوقۇم ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ياخشى يولغا قويۇش لازىم.

## 1. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش — 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن چوڭ ئىستراتېگىيە، چوڭ سىياسەت

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەڭكەش تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئاخىرىدا ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشى ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەم سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ تەلىپى، ھەم خەلق ئىگىلىكىنى ئۇزاققىچە تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەلىپى.

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش — يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ”ئىككى ئومۇمىيەت“ ئىدىيىسى بويىچە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: ”دېڭىز بويىدىكى رايونلار ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، 200 مىليون ئاھالىسى بار ئاشۇ كەڭ رايونلارنى ئالدى بىلەن تېزرەك تەرەققىي تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي تېپىشىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. بۇ

ئومۇمىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر مەسىلە. ئىچكى رايونلار مۇشۇ ئومۇمىيەتكە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. ئۆز نۆۋىتىدە دېڭىز بويىدىكى رايونلار تەرەققىي تېپىپ مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ كۈچ ئاجرىتىپ ئىچكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇمۇ بىر ئومۇمىيەت. ئۇ چاغدا دېڭىز بويىدىكى رايونلارمۇ مۇشۇ ئومۇمىيەتكە بويسۇنۇشى لازىم" دەپ كۆرسەتكەنىدى. («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 573—574-بەتلەر) غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى قايسى ۋاقىتتا، قانداق ئاساستا كونتېرتىپكە قويۇش ئۈستىدىمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر ئويلانغان، بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلغان، ھەم مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن چاغدا، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسىنى گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. (يۇقىرىقى كىتاب، 779-بەت) ھازىر ئەسىر ئالمىشىدىغان ئاچقۇچلۇق پەيت يېتىپ كەلدى، 20 يىللىق تېز سۈرئەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق، ئېلىمىز شەرقىي رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرق يەنىلا ساقلانماقتا، ھەم بارغانسېرى كېڭىيىپ بارماقتا. شۇڭلاشقا، نۆۋەتتە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا شارائىت ھازىرلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى چوڭ ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ نىشانىنى ۋە رايونلار ئىقتىسادى سىياسىتىنى تەڭشىگەنلىكى ئىنتايىن ۋاقتىدا ۋە جايىدا بولدى، بۇ ھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەم چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ چىقارغان 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن زور تەدبىرىدۇر. (1) ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە لايىقلىشىپ ماكرو ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرۇش بىزنىڭ مۇشۇ ئىككى يىلدا قولغا كەلتۈرگەن ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبىمىز، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچكى-تاشقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئاساسىدا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بارغان تەڭشەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر. بازارنىڭ تەمىنلەش-تەلەپ ۋەزىيىتىدە تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولغان ئەھۋالدا، كېلەركى ئەسىردىكى كەلگۈسى تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشنى ئاساس قىلغان تەرەققىيات فاڭجېنىنى يولغا قويۇش لازىم. پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى غەربىي رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان شارائىتتا، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، غەربىي رايونلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئۆستۈرۈپ، زور مىقداردىكى يوشۇرۇن ئېھتىياجنى رېئال بازار ئېھتىياجىغا ئايلاندۇرغاندىلا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ بازار ھازىرلىغىلى بولىدۇ. (2) غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش دۆلەتنىڭ ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش-

نىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق. شەرقىي رايونلارلا تەرەققىي تاپقان بولۇپ، غەربىي رايونلار ئۇزاققىچە نىسبەتەن قالاق ھالەتتە تۇرىۋەرسە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتكۈل ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئارقىغا سۆرەيدۇ. (3) غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش خەلق ئىگىلىكىمىزنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلىرى تەبىئىي بايلىقنىڭ جايلىشىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى جەھەتلەردە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بىر-بىرىنىڭ كەمىنى تولدۇرالايدۇ. شىمالنىڭ كۆمۈرىنى جەنۇبقا توشۇش، غەربنىڭ نېفىتىنى جەنۇبقا توشۇش، غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش، غەربنىڭ پاختىسىنى شەرققە يۆتكەش، جەنۇبنىڭ كۆكتاتىنى شىمالغا توشۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئۆزئارا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، غەربىي رايونلارنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش قەدىمىنى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلەتكەندىلا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي خام ئەشيا-ماتېرىيال ۋە ئېنېرگىيىگە بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتكۈل ئىگىلىكنىڭ داۋاملىق تۈردە بىر قەدەر يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. (4) غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سىجىل تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى. غەربىي رايونلار چاڭجياڭ، خۇاڭخې، جۇجياڭ قاتارلىق چوڭ دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك توسىقىدۇر. غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئېگىز تاغ، چوڭقۇر جىلغىلاردا ياشىغۇچىلارنى تېزدىن "نامراتلاشقانسېرى بوز يەر ئېچىش، بوز يەر ئاچقانسېرى نامراتلىشىش"تەك غەلىتە چەمبىرەكتىن قۇتۇلدۇرغاندىلا، چوڭ دەريالارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى رايونلارنىڭ ئامانلىقى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. (5) غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئېلىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ كۆپ قىسمى غەربىي رايون ۋە قۇرۇقلۇق چېگرا رايونىدا ئولتۇراقلاشقان، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ۋە چېگرا رايونلاردىن گۈللىنىش يولىغا ماڭغانلىرىنى بارغانسېرى كۆپەيتىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرۇپ، چېگرانىڭ تىنچلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم ئاساسى.

## 2. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئىككى ۋاستە، ئۈچ خىل بىرىكمە كۈچكە تايىنىش لازىم

ئىككى ۋاستە بازار مېخانىزمى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىنى بولۇپمۇ رايونلار سىياسىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئامىللار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئامىللار باھاسىنىڭ پەرقى كەسپىنىڭ ماكان قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل-

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيان، شەرقىي قىسمىدىكى دېڭىز بويى
رايونلىرى بولۇپمۇ دېڭىز بويىدىكى چوڭ شەھەرلەردە يەر، مۇھىت، ئەمگەك كۈچى قاتارلىق
ئامىللارنىڭ تەننەرخى ئېشىپ، كۆپلىگەن ئەنئەنىۋى كەسىپلەر، مەھسۇلاتلار ئەۋزەللىكىنى
يوقاتتى ياكى يوقاتماقتا، غەربىي رايونلار ئامىللار باھاسىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشىدەك
پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بۇ كەسىپلەر ۋە مەھسۇلاتلاردا ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈ-
رۈپ، بازارنى قولغا كەلتۈرۈپ، چىڭ دەسسەپ تۇرۇشى كېرەك. ئەنئەنىۋى نەزەرىيە كەسىپ-
نىڭ ماكان جەھەتتە يۆتكىلىشى ئۈستىدە توختالغاندا كۆپىنچە ئۇنى تەرەققىي قىلغان رايونلار
ھەم چوڭ شەھەرلەردىكى زاۋۇت ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا يۆتكەش
دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغان
ئەھۋال شۇكى، ياخشىلىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىپ قېلىش ئارقىلىق، بىر رايوندى-
كى مەلۇم كەسىپ ئەۋزەللىكىنى بارا-بارا يوقىتىپ قويىدۇ ۋە خارابلىشىدۇ، يەنە بىر رايوندا
بولسا تەرەققىي تېپىپ ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، غەربىي رايونلار قول
قوۋۇشتۇرۇپ "يۆتكەش"نى كۈتمەي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش كۆرۈشى لازىم. تۇتۇلغان
يول ئوخشاش بولمىسا، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ تۆلىگەن بەدەلى ۋە ئالغان پايدىسىمۇ
زور پەرقلىنىدۇ.

بازار مېخانىزمىنىڭ غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىجابىي
رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم، لېكىن يالغۇز بازار مېخانىزمىغا تايىنىش بىلەن
شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى
بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، غەربىي رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئورنى (دۆلەت
ئىچىدىكى ترانسپورت تورىنىڭ ئايىغىغا، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ بازارنىڭ چېتىگە جايلاشقان
ۋە باشقىلار) تارىخىي ئاساسى ۋە تارىخىي يۈكى (مەسىلەن "3-سەپ" قۇرۇلۇشى ۋاقتىدا،
زاۋۇتلار تاغ-جىلغىلارغا يۆتكەلگەچكە، ئىجتىمائىي يۈك ئېغىر بولۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ
چىقارغان) قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، غەربىي رايونلاردىكى بازار سۇبيېكتى شەرقىي
رايونلارنىڭكى بىلەن تەڭ سەۋىيىدە تۇرمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پۈتۈنلەي بازار
مېخانىزمىنىڭ رولىغا تايانغاندا، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرق كې-
چىكلىمەيلا قالماي، ئەكسىچە كېڭىيىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكى
ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىسى، ئىختىساسلىقلار، مەبلەغ، ئېنېرگىيە، خام
ئەشيا-ماتېرىياللارنىڭ ئېقىپ كېتىشى بىلەن، ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردا ئادەم كۈ-
چى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى كەمچىل بولۇشنى كەلتۈرۈپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى
تۆۋەنلىتىدىغان "قۇتۇپلىنىش ئۈنۈمى"؛ ئىككىنچىسى، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئىقتىسا-
دىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشى بىلەن، مەبلەغ، تېخنىكا، ئۈسكۈنىلىرى سىرتقا تارقىلىپ
كېتىپ، ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان "كېڭىيىپ
كېتىش ئۈنۈمى". ئىقتىساد ئەمدىلا تەرەققىي قىلغان چاغدا كۈچلۈك بولغان "قۇتۇپلىنىش
ئۈنۈمى" بىلەن ئاجىز بولغان "كېڭىيىپ كېتىش ئۈنۈمى" رايونلار ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ
تەكشى بولماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر يالغۇز بازار كۈچىنىڭ رولىغا تايىنىد-
غان، ھۆكۈمەت ئارىلاشمايدىغان يول تۇتۇلسا، تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن ئانچە تەرەققىي
تاپمىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدىغان ئەھۋال چوقۇم
كېلىپ چىقىدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت جەھەتتىن مەدەت بېرىشى ۋە مەبلەغ
سېلىشى ئارقىلىق، غەربىي رايونلارنىڭ بازار سۇبيېكتىنى شەرقىي رايونلارنىڭكى بىلەن

ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش ئىنتايىن مۇھىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن تۇتۇش قىلىش كېرەك: بىرىنچى، مەركەز مالىيەسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، بۇ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىشىنى باشلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى؛ ئىككىنچى، غەربىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش. غەربىي رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئاسراش ۋە ياخشىلاش ھەم شۇ رايونلارنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى، ھەم چاڭجياڭ، خۇاڭخې قاتارلىق چوڭ دەريالارنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارنىڭ ئامان بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، تېرىلغۇ يەر قىلىپ بۇزۇلغان ئورمان (ئوتلاق) نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا، دۆلەت ۋە ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلار قۇتقۇزۇش بېرىش ئورنىغا ئاشلىق بېرىش قاتارلىق ئۇسۇل بىلەن زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم؛ ئۈچىنچى، غەربىي رايونلاردىكى ئاھالىلەر بولۇپمۇ يېزا ئاھالىلىرى مەجبۇرىي مائارىپ، دەسلەپكى باسقۇچتىكى ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئاممىۋى مەھسۇلاتلاردىن بەھرىمەن بولۇشتا شەرقىي رايونلاردىكى ئاھالىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇش؛ تۆتىنچى، بەزى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كونا قەرزىنى قايتۇرۇپ بېرىش. 60-يىللاردا ئۇرۇش تەييارلىقى نۇقتىسىدىن غەربىي رايونلاردىكى تاغ ئىچىدە بىر قىسىم ھەربىي زاۋۇتلار قۇرۇلغان، ئەمدى ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاھالە لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى، بەزى زاۋۇتلارنى تاغ ئىچىدىن شەھەرگە كۆچۈرۈشكە توغرا كەلدى، بۇ ”كونا قەرز“نى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ياكى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئارقىلىق قايتۇرۇشى مۇمكىن بولمايدۇ. 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى» دا ”دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك-قەرزدارلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ۋە كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي يۈكىنى يېنىكلىتىش“ توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى كۆپرەك غەربىي رايونلارغا قارىتىش زۆرۈر.

غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە، يەنە ئۈچ خىل بىرىكمە كۈچنىڭ ئورتاق رولىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى، رايونلار سىياسىتىنى يەنىمۇ تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي رايونلارغا سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتىن بېرىدىغان ياردىمىنى كۈچەيتىش. ئىككىنچى، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك ئىقتىسادىي-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كەڭ دائىرىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلار ۋە نامرات رايونلارغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئامىللارنىڭ رايون ئاتلاپ ئېقىشىنى ۋە مۈلۈكنىڭ رايون ئاتلاپ قايتا گۇرۇپپىلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ئۈچىنچى، غەربىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئىچكى ۋە تاشقى چوڭ بازارنىڭ يېڭى ھالىتىگە، غەربىي رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە تەدبىرلىرىنى تېپىپ چىقىش. ئالدىنقى ئىككىسى غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان قوزغاتقۇچ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، كېيىنكىسى بولسا ئاچقۇچ ۋە ئاساس. پەقەت كېيىنكىسىگە تايانغاندىلا، سىرتنىڭ خىلمۇخىل ياردىمى ۋە يۆلىشىنى ئۆزىنىڭ ”قان كۆپەيتىش“ ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى تەشكىللەيدىغان،

ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مەڭگۈ تۈگىمەس ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

غەربىي رايونلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: غەربىي رايونلاردا كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى بازار سۇبيېكتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە زورىيىشىنى تېزلىتىش؛ غەربىي رايونلاردىكى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ جايلىشىشى ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كاپىتالنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش، ئالغا سىلجىتىدىغاننى ئالغا سىلجىتىش، چېكىندۈرىدىغاننى چېكىندۈرۈش، چېكىندۈرۈش ئارقىلىق ئالغا سىلجىتىش؛ غەربىي رايونلاردىكى تاۋار ۋە ئامىل بازار سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈش، بازار قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە بازار تەرتىپىنى ئورنىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش؛ غەربىي رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، كارخانىلارنى كەسىپ تەۋەلىكى پرىنسىپى بويىچە باشقۇرۇشنى مەمۇرىي تەۋەلىك پرىنسىپى بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەتنى كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبتىكى بارلىق بازار سۇبيېكتلىرىغا يۈزلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىقتىساد باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈپ، تۈزۈم جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سىياسەت جەھەتتىن يېتەكلەش ئارقىلىق، رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تۈرمۇش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەردىن، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى رايونلاردىن كەلگەن ۋە ھەر خىل مۈلۈكچىلىككە تەۋە بولغان مەبلەغ سالغۇچىلارنى غەربىي رايونلارغا سالغان مەبلەغدىن مۇۋاپىق پايدىغا ئېرىشىدىغان قىلىش، ھۆكۈمەت بەھىنە ھازىرلاپ بېرىپ، بازار سۇبيېكتلىرى ئويۇن قويۇشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

## 3. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك

غەربىي رايونلارنى ئېچىش ئىسخېمىسىنى سىزىش، ئېچىش ئۇسۇلىنى تاللاشتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئىچكى بازارنىڭ تەمىنلەش-تەلەپ ۋەزىيىتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش ۋە كەلگۈسى يۈزلىنىشنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى مۇھىتنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش، ئەقلىي ئىگىلىك دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش كېرەك.

شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا دۇچ كېلىۋاتقان شارائىت ئۆتكەنكى بىلەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. بىرىنچى، يېڭى تۈزۈلمە ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى. 1-بەش يىللىق پىلان ۋە ”ئۈچىنچى سەپ قۇرۇلۇشى“ مەزگىللىرىدە غەربىي رايونلاردا نۇرغۇن قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شارائىتىدا، مەركەز مەبلەغ سېلىش، تۈرلەرنى قىسىپ كىرگۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. ھازىر بولسا بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا

غەربىي رايونلارنى كەلگۈسىدە ئاچمىسىز، گەرچە مەركەز مالىيىسى سېلىنمىنى كۆپەيتمىگەن بولسىمۇ، بىراق تېخىمۇ مۇھىمى ئىجتىمائىي مەبلەغكە، جۈملىدىن باشقا رايونلارنىڭ، چەت ئەلنىڭ مەبلىغىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ مەبلەغلەر بازار ئىگىلىكى پرىنسىپىغا ئاساسەن يۆرۈشىدۇ ۋە تەقسىملىنىدۇ، نىسبەتەن يۇقىرى بولغان پايدىنى كۆزلەيدۇ. ئىككىنچى، ئىچكى بازار ۋە بازار رىقابىتى ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ساتقۇچىلار بازىرى سېتىۋالغۇچىلار بازىرىغا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەر، ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتلاردا تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئېشىپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. ئۈچىنچى، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش قەدىمى ئۈزلۈكسىز تېزلەشمەكتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشماقتا. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن پۈتۈنلەي يېڭى شارائىت ئاستىدا، غەربىي رايونلاردىكى رايونلۇق بازار دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش چوڭ بازارغا قوشۇلۇپ كېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تەدرىجىي ھالدا خەلقئارا چوڭ بازارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال ھەم غەربىي رايونلارنى يېڭى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەم غەربىي رايونلارنى تېخىمۇ قاتتىق سىناقلارغا يۈزلەندۈرىدۇ.

يېڭى تۈزۈلمە ئارقا كۆرۈنۈشى، بازار ۋەزىيىتى ۋە ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى مۇھىت غەربىي رايونلارنى ئېچىشتا يېڭى يول تېپىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىدە بولمىغان بىرنەچچە يېڭى مەزمۇنلارغا ئىگە: بىرىنچى، رايون ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى ۋە ئۈنۈمى خېلى زور دەرىجىدە رايون ئىقتىسادىنىڭ رىقابەتلىشىش كۈچىگە ۋە رىقابەت ئارقىلىق بىر تۇتاش چوڭ بازاردىن قانچىلىك ئۈلۈشنى ئىگىلىشىگە باغلىق بولىدۇ؛ ئىككىنچى، بازار رىقابىتىدە يېڭىش-يېڭىلىش خېلى زور دەرىجىدە يېڭىلىق يارىتىشقا، جۈملىدىن تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، تەشكىللەشتە يېڭىلىق يارىتىش، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلارغا باغلىق بولىدۇ، ھالبۇكى، يۇقىرىقى يېڭىلىق يارىتىشلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، بۇنىڭ يېتەكچىسى كۆزقاراشنى يېڭىلاش.

**(1) يېڭى تەرەققىيات كۆزقارىشى تىكلەش**

كەمتۈك ئىگىلىك شارائىتىدا، تەرەققىياتنى ئۆسۈشكە باراۋەر دەپ قاراپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى ۋە ئۇنىڭ كېڭىيىش سۈرئىتىنى قوغلىشىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان؛ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىدە بولسا رايون ئىقتىسادىنىڭ رىقابەتلىشىش كۈچى ۋە بازار ئۈلۈشىنى ئىگىلەشتە كۆزلىگەن نىشانى تېخىمۇ تەكىتلىنىدۇ. سېتىۋالغۇچىلار بازىرى شارائىتىدا تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقاندا مۇھىم مەسىلە ئىككى: بىرى، كۆپ خىل يول ئارقىلىق مەھسۇلاتنىڭ رىقابەتلىشىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ بازاردا ئىگىلىگەن ئۈلۈشىنى ئاشۇرۇش؛ يەنە بىرى، يوشۇرۇن ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش، يېڭى بازارلارنى ئېچىش ۋە يارىتىش.

**(2) يېڭى بايلىق كۆزقارىشى تىكلەش**

يەر، ئېنېرگىيە، كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى، بىراق شۇنى كۆرۈۋېلىش كېرەككى، زامانىۋى ئىگىلىك بولۇپمۇ ئەقلىي ئىگىلىك باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان دەۋردە، تەبىئىي بايلىق ۋە ئادەتتىكى ئەمگەك كۈچى بايلىقىنىڭ رولى نىسبەتەن تۆۋەنلىدى، مال نامى، ماركا، پاتېنت، بازار تورى، ئۇچۇر، يېڭىلىق يارىتىش مۇھىتى قاتارلىق كېيىن ئېرىشكەن بايلىقلار ۋە يېڭىلىق ياراتقۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ رولى بولسا كۈندىن-كۈنگە ئاشماقتا، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ

ئۇنۇمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرالايدۇ. خەيىبىر، شياۋتيەنشى قاتارلىق ئۇستۇنلۇككە ئىگە كارخانىلار ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا بىر قىسىم كارخانىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، بەزىلىرىگە ھېچقانچە مەبلەغ سالمىدى، پەقەت مال نامى، يېڭى باشقۇرۇش ئۇسۇلى، يېڭى تىجارەت ئىدىيىسى كىرگۈزۈش بىلەنلا، جانسىز ھالەتتە تۇرغىلى كۆپ يىل بولغان كارخانىلارنى قايتىدىن تىرىلدۇردى. بۇ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ. مەبلەغنىڭ كەمچىللىكى ھەقىقەتەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. بىراق مەبلەغنىڭ كەمچىللىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، غەربىي رايونلاردا يۇمشاق بايلىق ۋە كارخانىچىلار بايلىقىنىڭ كەمچىل بولۇشى تېخىمۇ گەۋدىلىك. غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ماددىي بايلىقلارنى ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە يۇمشاق بايلىقنى يېتىشتۈرۈشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

**(3) يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تىكلەش**

رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئادەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولغان تەرەققىيات ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولغان تەرەققىيات دەپ ئىككى خىل تەرەققىيات ئەندىزىسىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. 50-، 60-يىللاردىكى قىسىپ كىرگۈزۈش شەكلىدىكى تەرەققىيات يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولغان تەرەققىيات ھېسابلىنىدۇ؛ 80-يىللاردىن بېرى، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھوقۇقى كېڭەيدى، "شۈجى تۇرنى تۇتۇش، ھاكىم قەرزگە يۈگرەش" ئەھۋالى كېلىپ چىقتى، بۇ يەنىلا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولغان تەرەققىيات. ھەقىقىي بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى تەرەققىيات ھەر تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى ئاساسلىق رول ئوينايدىغان، تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولغان تەرەققىيات بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا مەيلى ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش باسقۇچىدا بولسۇن، ياكى بازارنىڭ تۆۋەنلەش مەزگىلىدە بولسۇن، ھەمىشە رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان بىر تۈركۈم رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە كارخانىلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. رايون ئىقتىسادىنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش كۈچى، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى دەل مۇشۇنداق ياخشىلىرى تاللىنىپ، ناچارلىرى شاللىنىدىغان، روناق تاپقانلار بىلەن خارابلاشقانلار ئالمىشىپ تۇرىدىغان شارائىتتا يىلتىز تارتىپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

كۆپلىگەن بازار سۇبيېكتلىرىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈش كېرەك، بىرىنچى، خەلقنى بېيىتىش، رايوننى گۈللەندۈرۈش جەريانىدا، خەلقنى بېيىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا، خەلقنى بېيىتىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئاھالىلەرنى تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، يەنە بايلىق يارىتىدىغان دەسمايىگىمۇ ئىگە قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى چەكلەيدىغان بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بازار سودىسىنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن، تېخنىكىسى بولۇپمۇ پاتېنت تېخنىكىسى بار قۇرۇلۇش تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى ئۆزىنىڭ بىلىمىنى دەسمايە قىلىپ، يەر، زاۋۇت بىناسى ۋە مەبلىغى بارلار بىلەن سودا قىلىش ئارقىلىق بازار سۇبيېكتى بولۇپ شەكىللىنىشى مۇمكىن. ئەگەر زور مىقداردىكى بازار سۇبيېكتلىرى شەكىللەنسە، قارىماققا قول تۇتىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر نىسبەتەن ئاسان ھەل بولىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىش مەسىلىسىنى مىسالغا ئالساق، بىر بازار سۇبيېكتى 20 كىشىلىك خىزمەت ئورنى بىلەن تەمىنلىسە، 10 مىڭ بازار سۇبيېكتى 200 مىڭ ئادەمنىڭ قايتا ئىشقا

ئورۇنلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالايدۇ.

**(4) يېڭى ئۇستۇنلۇك كۆزقارىشى تىكلەش**

ئەنئەنىۋى ئۇستۇنلۇك (مۇتلەق ئۇستۇنلۇك، نىسپىي ئۇستۇنلۇك، ئامىل خۇسۇسىيىتى ئۇستۇنلۇكى) نى جارى قىلدۇرغاندىن سىرت، يەنە يېڭى رىقابەت ئۇستۇنلۇكى ئېڭىنى تىكلەش زۆرۈر. ھەممىگە ئايانكى، شىنجاڭ پاختا ماكانى، نېفىت زاپىسىمۇ خېلى مول، ئۇستۇنلۇككە ئىگە بىر "ئاق"، بىر "قارا" بايلىق بىلەن نامى بار. بىراق نۆۋەتتە نورغۇنلىغان توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان، ئەكسىچە، شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتور ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ چاق زاۋۇتى قاتارلىق بىرقانچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى ناھايىتى روناق تاپقان كارخانىلارنىڭ بىر "ئاق"، بىر "قارا" بايلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى يوق، ئۇلارنىڭ تايانغىنى رىقابەت ئۇستۇنلۇكى تىكلىگەنلىكىدە. بۇندىن كېيىن غەربىي رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشىگەندە ۋە تاللىغاندا بۇ پاكىتتىن ئىلھام ئېلىش كېرەك. غەربىي رايونلارنىڭ سانائىتىنىڭ 50-، 60-يىللاردا "پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات" بولۇش فاكتورىغا ئاساسەن جايلاشتۇرۇلۇشى، 80-، 90-يىللاردا بايلىق ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، قېزىش سانائىتى، خام ئەشيا-ماتېرىيال سانائىتى غەربىي رايونلارنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسىدا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىدى، مۇشۇ سانائەتلەرنىڭ تەرەققىياتى غەربىي رايونلارنىڭ سانائەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش جەھەتلەردە تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ خىل قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى بۇندىن كېيىنمۇ ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ-يوق؟ بۇ تەتقىق قىلىشقا مۇھتاج مۇھىم مەسىلە. بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغاندا، تۆۋەندىكى ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىش لازىم: بىرىنچى، قېزىش سانائىتىدە قازغانسېرى چوڭقۇرلىشىش، تەننەرخى كۆپىيىش ھەم بايلىق قۇرۇپ كېتىش مەسىلىسى بار؛ ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسىم كان بايلىقلىرىنىڭ ساقلىنىش شارائىتى مۇرەككەپ، ساپالىق دەرىجىسى تۆۋەن ياكى ئېرىتىش قىيىن. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى شارائىتتا خەلقئارا بازارنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى ئاسان ئۇچرايدۇ؛ ئۈچىنچى، بىرلەمچى كەسىپلەرنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە پايدىسى ئىككىلەمچى كەسىپلەرنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، ئەگەر ھازىرقى بار قۇرۇلما ھالىتى ساقلاپ قېلىنىۋەرسە، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى نەتىجىسى پەقەت تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى ساقلاپ قېلىشلا بولىدۇ. يۇقىرىقى تەھلىلگە ئاساسەن، غەربىي رايونلارنىڭ قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە تاللاش ئىشىدا، "ئوخشىماسلىقلار ئىچىدىن ئوخشاشلىقنى ئىزدەش، ئوخشاشلىقلار ئىچىدىن ئوخشىماسلىقنى ئىزدەش" كېرەك. "ئوخشىماسلىقلار ئىچىدىن ئوخشاشلىقنى ئىزدەش" دېگەنلىك غەربىي رايونلار ئاساسلىقى بىرلەمچى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن چەكلىنىپ قالماي، تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ئوخشاش، كەسىپلەرنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش يولىدا مېڭىشى، ئىككىلەمچى كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ "ئوخشاشلىقلار ئىچىدىن ئوخشىماسلىقنى ئىزدەش" دېگەنلىك كەسىپلەرنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش جەريانىدا، غەربىي رايونلار رىقابەت كۈچى نىسبەتەن ئاجىز بولۇش رېئاللىقىنى چىقىش قىلىپ، تاكتىكا جەھەتتە ئامالنىڭ بارىچە "پەرقلەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى"، "ئۆزگىچە تىجارەت قىلىش"، "قاتلامغا بۆلۈپ رىقابەتلىشىش ئىستراتېگىيىسى" قاتارلىق يوللارنى تۇتۇپ، يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى قېزىش ۋە يېتىشتۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا

رىقابەت ئۈستۈنلۈكى بولغان خاسىيەتلىك رايون ئىقتىسادىنى قۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق خەتەرنى ئازايتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**(5) يېڭى پىلان كۆزقارىشى تىكلەش**

غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ھەم چوڭ، ھەم مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇنى بىر تۇتاش پىلانلاش ئاساسىدا قەدەم-باسقۇچلارغا بۆلۈپ، نۇقتىلىق ھالدا ئالغا سۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. تۈزۈلمە ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئۆزگىرىشى تەرەققىيات پىلانىنىڭ مەزمۇن، نىشان، ئاساس ۋە تۈزۈش شەكلى، ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرىنچى، ئىلگىرى تەرەققىيات نىشانى ئاساسەن GDP قاتارلىق قىممەت كۆرسەتكۈچى ۋە ئاساسلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماددىي كۆرسەتكۈچىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلەتتى. نۆۋەتتە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا، ئادەمنى ئاساس قىلىشنى نامايان قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىنى كۆپەيتىش، ئىشسىزلىق نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى تېزلىتىش ھەمدە ئادەم كۈچى كاپىتالىنى ئېچىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان باشقا كۆرسەتكۈچلەرنى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت كۆرسەتكۈچلىرىنى مۇھىم تەرەققىيات نىشانى قىلىپ بەلگىلەش كېرەك. ئىككىنچى، ئىلگىرىكى پىلان كەسىپ تەرەققىياتى جەھەتتە تاكى كونكرېت تۈرلەرگىچە ناھايىتى كونكرېت تۈزۈلەتتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا بۇ كونكرېت تۈرلەرنى بەلگىلەش ۋە پىلانلاش ئىشلىرىنى بازار سۇبيېكتى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىشى لازىم، يەرلىك ھۆكۈمەت نۇقتىلىق ھالدا رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن سىياسەت جەھەتتىن يول كۆرسىتىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا نۇقتىلىق ئىلھام بېرىدىغان ۋە مەدەت بېرىدىغان كەسىپلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشى ھەمدە بۇ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈزۈم ئورنىتىش (مەسىلەن، ئىگىلىك تىكلەشتىكى خەتەردىن ساقلىنىش فوندىنى، ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار كاپالەت فوندىنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلار) تەشكىلات قۇرۇش (مەسىلەن، خەلق باشقۇرۇشىدىكى پەن-تېخنىكا كارخانىسى ئىنكۇباتورىنى قۇرۇش قاتارلىقلار) ۋە رىقابەت قائىدىسى بەلگىلەش ئىشلىرىنى ئىشلىشى كېرەك. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشتە بازارنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بازار ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئالدىن پەرەز قىلىشنى پىلان تۈزۈشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىش، مەھسۇلاتنىڭ بازاردا سېتىلىش-سېتىلماسلىقىنى پىلانىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىش كېرەك. مەسىلەن، نۇرغۇنلىغان چوڭ-ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ ئاتموسفېرا ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇندىن كېيىن ئېنېرگىيە ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، قانداق قىلىپ غەربىي رايونلارنىڭ ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى بۇ ئۆزگىرىشكە ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

**(ئاپتور: جۇڭگو رايون ئىقتىسادى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: قاھار پولات**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857/CN11—2498/D
邮发代号:2—373 定价:2.80元 邮政编码 100013
ISSN 1006-5857
03>
9 771006 585006